# شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى

2-سان

新疆新闻界



1989

# «شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمىز

庆祝新疆日报创刊四十周年

坚持为人民服务

坚持实事求是

王恩茂

一九八九年三月九日

«شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن

خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇڭلار.

ۋاڭ ئېنماۋ

1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى

[illegible]

31.3.1989

努力办好新疆日报

祝贺新疆日报创刊四十周年

王震

一九八九年三月廿三日

«شىنجاڭ گېزىتى»نى ئىرىشىپ ياخشى چىقىرىڭلار

«شىنجاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەيمەن.

ۋاڭ جېن

1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

[illegible]

努力办好新疆日報

為边疆各族人民服务

宋汉良

一九八九年元月二十三日

[illegible]

«شىنجاڭ گېزىتى»نى ئىرىشىپ ياخشى چىقىرىپ، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇڭلار.

سۇڭ خەنلياڭ

1989 - يىل 1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى

## قەتئىي تەۋرەنمەي خەلققە ئىدېيەۋى - سىياسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئون يىلدىكى ئەڭ چوڭ سەۋەنلىك مائارىپتا كۆرۈلدى، دېدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ يەردە ئېيتقان مائارىپى ئاساسلىقى ئىدېيەۋى تەربىيە ئىدېيەۋى - سىياسىي تەربىيە پارتىيىمىزنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى بولۇپ كەلدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىدېيەۋى - سىياسىي تەربىيە بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، ئىزچىل ئېلىپ بېرىلمىدى. بۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى ئاجىز ھالقا بولۇپ قالدى، ئىدېيەۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ بوشاشتۇرۇپ قويۇلۇشى بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسى ۋە ھەر خىل چىرىك ئىدىيىلەر يوچۇق تېپىپ كىرىۋېلىپ، بەزى كىشىلەرنى، بولۇپمۇ نۇرغۇن ياش ئوقۇغۇچىلارنى چوڭ ھەق - چوڭ ناھەق ئالدىدا يۆنىلىشنى يوقىتىپ قويۇشقا ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك يۆنىلىش بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىتىش ئۈچۈن چوقۇم تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدېيەۋى تەربىيىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرماسلىقىمىز لازىم.

ئىدېيەۋى - سىياسىي تەربىيىنىڭ مەزمۇنى كۆپ خىل، تەكىتلەيدىغىنىمىز ماركسىزملىق ئىدېيەۋى تەربىيىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش، چۈنكى ماركسىزمنىڭ تۈپ ئىدىيىسى ۋە ئاساسىي قائىدىلىرىنى ئىگىلىگەندىلا ئاندىن خەلق ھەق، ناھەقنى ئېنىق ئايرىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ھۇجۇمىنى ئاڭلىق يوسۇندا چەكلىيەلەيدۇ.




## تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش توغرىسىدىكى تەربىيىنى كۈچەيتىش لازىم

پارتىيىنىڭ جامائەت پىكرى قوراللىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسىنى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىشى لازىم. پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدا «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت باش لۇشيەن ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش بىزنىڭ قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ يولى. يولنى ئىككى پۇت بىلەن مېڭىش لازىم. بەلكى بۇ ئىككى پۇت تەكشى بېسىلىشى لازىم. بىزنىڭ بىر نەچچە يىلدىكى سەۋەنلىكىمىز تەكشى قەدەم تاشلىمىغانلىقىمىزدىن بولدى. يەنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا بايرىقىمىز روشەن بولمىدى، پوزىتسىيىمىز قەتئىي بولمىدى. شۇڭا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتىنى ھەقىقىي يوسۇندا كۈچەيتىپ، ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

## ۋەتەنپەرۋەرلىك، سوتسىيالىزم، مۇستەقىل - ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش تەربىيىسىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىش لازىم

بەزىلەرنىڭ «سوتسىيالىزم كاپىتالىزمغا يەتمەيدۇ» دەيدىغان خاتا تونۇشىغا نىسبەتەن، قاراتمىلىقى بولغان ھالدا، دۆلەتنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى جۇڭ-

كو تارىخى توغرىسىدىكى تەربىيىسىنى، سوتسىيالىزمنىڭ مۇقەررەرلىكى، ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ئىقتىسادىي بايلىق ۋە نوپۇس مەسىلىسى، جۇڭگودا مىللەتلەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى تەربىيىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەربىيە ئارقىلىق كۆپچىلىككە جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى، سوتسىيالىزملا جۇڭگونى قۇتقۇزالايدىغانلىقىنى ھەقىقىي تونۇتۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشەنچىسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇش لازىم.

يۇقىرى ئىستېمال، ئىسراپچىلىق ئىستىلى ۋە چىرىكلىك ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن قاراتمىلىقى بولغان ھالدا، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچىللىق بىلەن دۆلەت قۇرۇش توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بىلىشى كېرەككى، ئەگەر بىز جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىسەك، بۇ گۆھەرنى تاشلىۋەتسەك، بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسىنى چەكلىگىلى بولمايدۇ، پارتىيە ئىستىلى ۋە جەمئىيەت كەيپىياتى بۇلغىنىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

**ئاخباراتچىلارغا ماركسىزملىق ئاخبارات ئىلمىدىن قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم**

ئاخبارات خىزمىتى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن توغرا نەزەرىيە يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئاخبارات خىزمىتى سىياسىي يۆنىلىشتىن ئايرىلىپ قالسا بولمايدۇ. ئاخباراتچىلارغا ماركسىزملىق ئاخبارات ئىلمىدىن قايتا تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش، ئىستىل قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى ياخشى ئىشلەپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئاڭلىق يوسۇندا چىڭ تۇرىدىغان، ئاڭلىق يوسۇندا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى چەكلەيدىغان ئاخبارات قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.

## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر 4 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن ئاپتونوم رايونىمىز ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار ئاخبارات خىزمىتىنىڭ ئىجابىي، سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا بىرلەشتۈرۈپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ۋە ئاخبارات خىزمىتىنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، جامائەت پىكرىنى توغرا يېتەكلەش، ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ «تىل» بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئاخبارات قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

△ شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىلمىي جەمئىيىتى بىلەن تېلېۋىزىيە سەنئىتى ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. يىغىندا ئۈرۈمچى رايونىدىكى بىر قىسىم رادىئو - تېلېۋىزىيە خادىملىرى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، تونۇش ۋە تەسىراتلىرىنى سۆزلىدى ھەمدە بۇندىن كېيىن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ باردى.

# مۇندەرىجە


تەشۋىق - ئۇچۇر .................................................. 1

جاماﺋەت پىكرىنى يېتەكلەش جەھەتتىكى خاتالىق ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش
پىكىر ئېقىمى .................................................. ۋاڭ جىڭشېڭ 4

«ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەن نېمىگە باھا .................................................. لى شېڭ 13

ئاخبارات - تەشۋىقاتتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىرنەچچە مۇناسىۋەت
مەسىلىسى .................................................. شاۋ جياڭ 16

جاماﺋەت پىكرىنى يېتەكلەش ۋە ئاخباراتچىلار قوشۇنىنى قۇرۇلۇشى ...... تيەن يۈمىيەن 18

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات ئىدارىسى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، مۇنۇلارنى
تەكىتلىدى:

ئاخبارات خىزمىتىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى
ئەستايىدىل يەكۈنلەش لازىم .................................................. 21

ئاخباراتنىڭ جاماﺋەت پىكىرلىق رولى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ ...... ۋۇ لىڭشى 27

ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ پارتىيە گېزىتى مېخانىزمى توغرىسىدىكى پىكرى ۋە
ئەمەلىيىتى .................................................. توۋ بىڭ 36

ئاخبارات قورالىمىزنىڭ پارتىيىنىڭ تىلى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرايلى ......... ئالىم 41

ئاخبارات خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقا-
تىنى ياخشى ئىشلەيلى .................................................. ئوبۇلقاسىم غوجەخمەت 44

ئاخبارات ئوبزورچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى .................. ھېزىم قاسىم 48

رادىئو - تېلېۋىزىيە گۈلزارىنىڭ يېڭى قىياپىتى .................................. ۋېي خۇڭگېڭ 52

تالاش - تارتىشتا قالغان شەخسلەرگە دائىر خەۋەرلەر توغرىسىدا ........... نېي باۋلىن 55

مۇشتەرىلەرگە ئازراق سوئال قالدۇرايلى .................................. زېڭ چۈەنشېڭ 57

پېشقەدەم گېزىتچى سا كۇڭلياۋ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا قوشقان
تۆھپىسى .................................................. جىن بىڭ، سۇڭ شياۋ 59

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئاخبارات
تەتقىقات بۆلۈمى بىرلىكتە ئاچقان تۇنجى قارار ئاخباراتچىلىق كۇرسى نەتىجىلىك ئاياغ-
لاشتى .................................................. 62

خەۋەر - ماقالە پاكىتلىرىنىڭ توغرا بولۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلايلى...... 63


مۇقاۋىدىكى سۈرەتنى ليۇ خەنلياڭ تارتقان.

مۇقاۋىنىڭ 4 - بېتىدىكى سۈرەتلەرنى ئىمىن گايىت تارتقان.

# جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش جەھەتتىكى خاتالىق ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى

ۋاڭجۇشېڭ

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن، 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئاپتونوم رايون بويىچە ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا ئۈرۈمچى، سانجى، شىخەنزە، قۇمۇل قاتارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەردىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ۋەكىللىرى ھەم مەركەزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق قىسمەن ئاخبارات خادىملىرى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى ۋە جامائەت پىكرىنى توغرا يېتەكلەش، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ۋە «ئاخبارات ئەركىنلىكى» ھەم پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ «تىل» لىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا سۆھبەتلەشتى ۋە بۇ ھەقتە مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. تۆۋەندە بىر قىسىم يولداشلارنىڭ سۆزلىرىنى ئېلان قىلدۇق.

يولداش لى پېڭ 6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قىلغان سۆزىدە مۇنداق دېگەنىدى: «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئاز ساندىكى يولداشلار ئاخبارات خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتتە خاتالىق سادىر قىلىپ، پارتىيە مەيدانىدىن چەتلەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرى مالىمانچىلىقنى ۋە توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا جامائەت پىكرىنى خاتا تەرەپكە يېتەكلەپ قويدى. شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ ئۇزۇندىن بۇيان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتكەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى.»

1

ئاخبارات خىزمىتىگە بولغان خاتا يېتەكچىلىك قانداق قىلىپ جامائەت پىكرىنىڭ خاتا تەرەپكە مېڭىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى؟ بۇنىڭدا، ئاساسەن، يولداش جاۋ زىياڭنىڭ مالىمانچىلىقنى قوللاش، پارتىيىنى پارچىلاشتەك خاتا يېتەكچى ئىدىيىسى بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ مالىمانچىلىققا، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئايلىنىپ كېتىش داۋامىدا جامائەت پىكرىنى خاتا تەرەپكە يېتەكلەپ قويۇشىغا سەۋەب بولدى.

4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى «خەلق گېزىتى» «مالىمانچىلىققا بايرىقىمىز روشەن ھالدا قارشى تۇرايلى» سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلدى، بۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە بولغان يېتەكچى ئىدىيىسىنى ۋە ئەينى چاغدا پېيجىڭدىكى ئاخبارات ساھەسىنىڭ جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش يۆنىلىشىنىڭ يەنىلا توغرا ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈردى.

4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ج ك پ شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ «دۇنيا ئىقتىسادىي يېتەكچىلىك گېزىتى»نى تەرتىپكە سېلىشنى قارار قىلغانلى-

قىنى خەۋەر قىلدى. چۈنكى، بۇ گېزىت 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى بەزىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنى ئۆزگىچە كۆرسەتمەيلا ئېلان قىلىۋەتكەنىدى. بۇ سۆزلەردە يولداش خۇياۋباڭنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش باھانىسى بىلەن، 1987 - يىلىدىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىغا قارشى تۇرۇشنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ئىنكار قىلىش تەلەپ قىلىنىپ، ئەينى چاغدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان بەزى كىشىلەرگە ئۇۋال بولدى، دەپ جار سېلىنغان. گېزىت تارقىلىپ كەتسە ئىدىيەۋى قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلاتتى، تىنچ، ئىتتىپاق بولۇشقا تەسىر يېتەتتى، شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا بەكمۇ پايدىسىز بولاتتى. شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئاخباراتقا يېتەكچىلىك قىلىش ئىدىيىسى تامامەن توغرا ئىدى. بىراق، يولداش جاۋزىياڭ شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنى ئىشنى بۇزدى، ئۆزىنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويدى، دەپ ئەيىبلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئاخبارات خىزمىتى جەھەتتىكى خاتا يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئاشكارىلىنىشى بولدى.

5 - ئاينىڭ باشلىرىدا يولداش جاۋزىياڭ ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭ يىللىق يىغىنىدا قىلغان سۆزىدە «خەلق گېزىتى»نىڭ 28 - ئاپرېل باش ماقالىسىدە مالىمانچىلىقنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدىكى پوزىتسىيىسىگە قارشى مۇقام تۇتۇپ، توغرا جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنى خاتا تەرەپكە بۇرىۋەتتى، يەنى مالىمانچىلىققا قارشى تۇرۇشتىن مالىمانچىلىققا ھېسداشلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوللاش تەرىپىگە بۇرىۋەتتى، نەتىجىدە بېيجىڭنىڭ ئالدىقاچان پەسەيگەن ۋەزىيىتى بىردىنلا ئەكس تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتتى.

شۇ چاغدا يولداش جاۋزىياڭ مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىدىيەۋى - تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل يولداش بىلەن سۆزلەشكەندە ئاخبارات ئەركىنلىكى — مۇھىم نۇقتا، مەملىكەت ئىچىدە كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقىغا ۋە خەلقئارادىكى تەرەققىيات ئېقىمىغا ئاساسلانغاندا، ۋەزىيەتنى ئۆز يۆنىلىشى بويىچىلا يېتەكلەشكە بولىدۇ، دېدى. مەركىزىي كومىتېتدىكى تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل يولداش پايتەختتىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا يولداش جاۋزىياڭنىڭ بۇ سۆزىنى يەتكۈزگەندە: «ئاخبارات جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بارماي بولمايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ، جامائەت پىكرىنى خاتا تەرەپكە باشلىدى، مىڭلىغان مۇخبىر، تەھرىرلەر كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىپ، «ئاخبارات ئەركىنلىكى»نى تەلەپ قىلدى. 5 - ئاينىڭ 13 - كۈنى بەزى ئوقۇغۇچىلار ئايرىم كىشىلەرنىڭ پىلانلىشى بىلەن تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ ئاچلىق ئېلان قىلدى، ئۇلارمۇ «ئاخبارات ئەركىنلىكى» تەلەپ قىلىمىز دېگەن شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقتى. مۇشۇ مەزگىلدە گويا قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلىش ۋە ئاچلىق ئېلان قىلىپ قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىشنى تەپتارتماي خەۋەر قىلىشلا ئاخبارات ئەركىنلىكى بولىدىغاندەك، ئۇنداق قىلىنمىسا، ئاخبارات ئەركىنلىكى بولمايدىغاندەك ئەھۋال شەكىللەندى. ئاخبارات - جامائەت پىكرىنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى تولۇپ يېلىدىن، پايتەختنىڭ ۋەزىيىتى كونترول قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، بىز ئاخبارات ئەركىنلىكىگە قارشى تۇرمايمىز. ئاخبارات ئەركىنلىكى دېگىنىمىز ئاساسىي

قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە تۇرۇپ، ئاخبارات قانۇنىيىتى بويىچە ئىش قىلىش دېمەكتۇر. ئەركىنلىك قانۇنىيەت توغرىسىدىكى بىلىشتۇر. ئادەتتىكى ئاخبارات قانۇنىيىتى خەۋەر قىلىنىدىغان ماتېرىيالنىڭ ئاخبارات قىممىتى بولۇشنى، ئوبيېكتىپ، توغرا، راست بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قانداق خەۋەر مۇخبىرنىڭ تاللىشىدىن ئۆتىدۇ، ھەممىسى جامائەت پىكرىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئېلىمىزدە ئاخبارات ۋەسىتىلىرى ئومۇمەن ئاخبارات ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ، چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشى ۋە بېسىمىغا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى، ئاچلىق ئېلان قىلىپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشقا قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى خەۋەر قىلىشنى ئاخبارات ئەركىنلىكى دېگىلى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنداق قىلىنسا، بۇ ئاخبارات ئەركىنلىكىدىن كەلسە كەلمەس پايدىلانغانلىق بولىدۇ. بىز بەزىلەرنىڭ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشىغا ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇپ، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مالىمانچىلىققا قارشى تۇرۇشىغا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشىغا يول قويمايدىغان بۇرژۇئاچە «ئاخبارات ئەركىنلىكى»گە قارشى تۇرىمىز، پىتنە - ئىغۋا توقۇپ، يالغان گەپ قىلىدىغان «ئامېرىكا ئاۋازى»غا خاس «ئاخبارات ئەركىنلىكى»گە قارشى تۇرىمىز. يولداش جاۋزىياڭ مەملىكەت ئىچىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قىزىقىپ كەتكەن كىشىلەر پەيدا قىلغان مالىمانچىلىقنى «خەلق رايىنىڭ مايىللىقى» دەپ، خەلقئارادا بەزىلەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى قوللاپ پەيدا قىلغان جۇڭگوغا قارشى دولقۇننى «تەرەققىيات ئېقىمى» دەپ، ئاخبارات ئەركىنلىكىگە يول ئېچىش ئارقىلىق، ۋەزىيەتنى ئۆز يۆنىلىشى بويىچە يېتەكلىمەكچى بولدى. بۇنىڭدىن ئۇ ئېيتقان «ئاخبارات ئەركىنلىكى»نىڭ بۇرژۇئاچە «ئاخبارات ئەركىنلىكى» ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇنداق «ئاخبارات ئەركىنلىكى» بولغاندا، سوتسىيالىستىك ئاخبارات ئەركىنلىكى بولمايدۇ، جامائەت پىكرىنى توغرا تەرەپكە يېتەكلىگىلىمۇ بولمايدۇ.

2

شۇنداق دېيىش كېرەككى، بۇ قېتىم بىر قىسىم گېزىت - ژۇرناللار سادىر قىلغان جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش جەھەتتىكى خاتالىق مالىمانچىلىقنى، ھەتتا توپىلاڭنى قوللىغان، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرىدىغان يۆنىلىش خاتالىقى؛ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتىن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئېغىپ كەتكەن يۆنىلىش خاتالىقىدۇر. بۇ قېتىمقى جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش جەھەتتىكى خاتالىقنىڭ كونكرېت ئىپادىسى قەيەردە؟

(1) پايتەختتە جامائەت پىكرىنى خاتا تەرەپكە يېتەكلىگەن گېزىت - ژۇرنال قاتارلىق بەزى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى مالىمانچىلىقنى قوللايدىغان نۇرغۇن خەۋەر، ماقالە ۋە سۈرەتلەرنى ئېلان قىلدى. مەسىلەن: مەلۇم گېزىت 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 1 - بېتىنىڭ كۆرۈنەرلىك ئورنىغا يولداش جاۋزىياڭنىڭ ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭ يىللىق يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ مەركەزنىڭ ھەل قىلغۇچ تەدبىرىگە قارشى تۇرىدىغان، مالىمانچىلىقنى قوللايدىغان سۆز - جۈملىلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن سۈپىتىدە ئەزەلدىن ئىشلىتىلمىگەن 6 - ھەرپ بىلەن (چوڭ ھەرپ) ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى. مالىمانچى-

لىق پەيدا بولغانلىقى ئېنىق تۇرسىمۇ، جاۋزىيالاڭ «چوڭ قالايمىقانچىلىق چىقمايدۇ» دېدى، مالىمانچىلىقنىڭ مەقسىتى پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، «ھەرگىزمۇ بىزنىڭ تۈپ تۈزۈمىمىزگە قارشى تۇرماقچى ئەمەس» دېدى. دېمەك، ئۇ 26 - ئاپرېل باش ماقالىسىنى ئىنكار قىلىشتىن ئاپ - ئاشكارا ئۇچۇر بېرىپ، مالىمانچىلىقنى قوللىدى. 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنى مۇشۇ گېزىت 1 - بېتىگە مىڭدىن ئارتۇق ئاخبارات خادىمىنىڭ سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىنىڭ مۇخبىرلارغا مەدەت بېرىپ، «خەلق ئۈچۈن گەپ قىلىش چوڭ ئىش؛ ئىتتىپاقلىشىپ جۇڭخۇانى گۈللەندۈرەيلى» دەپ شوئار توۋلىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى، بۇ ئۇنىڭ بەزى ئاخبارات خادىملىرى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر بۇرۇندىن نەپەس ئېلىپ مالىمانچىلىق پەيدا قىلىشنى قوللايدىغان مەيدانىنى ئاشكارىلاپ قويدى. مېنىڭ چىڭخۇا داشۆدە ئاسپىرانت بولۇپ ئوقۇۋاتقان قىز جىيەنىم ئوقۇغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلىشنى پايتەختتىكى ئاخبارات خادىملىرىغا مەدەت بېرىش ئەردزىدە قوزغىغان دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەسىرىنىڭ نەقەدەر چوڭ بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

(2) ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇغۇچىلار تۇتقۇن ئورنىدا كۆرۈلۈپ، پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىلدى. بىر مەھەل گويا ئاچلىق ئېلان قىلىپ تەلەپ قويغانلارغا مەدەت بېرىشلا ۋەتەنپەرۋەرلىك بولىدىغاندەك، ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يولسىز تەلەپلىرىگە ماقۇل بولغاندىلا ھەممە ئىش ھەل بولىدىغاندەك بىر خىل كۈچلۈك جامائەت پىكرى شەكىللەندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى يوقىتىپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئومۇمىيۈزلۈك غەربلەشكەن بۇرژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى ئاخىرقى مەقسەت قىلغان مالىمانچىلىق ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك دېموكراتىيە ھەرىكىتى سۈپىتىدە مەدھىيىلەندى ۋە تەرغىب قىلىندى. 5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى مەلۇم گېزىتنىڭ خەۋەرلىرى ئەڭ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، 1 - بەتنىڭ باش تەرىپىگە بېيجىڭدا 1 مىليون كىشىنىڭ ئاچلىق ئېلان قىلغانلارغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن نامايىش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئالاھىدە چوڭ ھەرپ بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىلدى. ھەتتا 2 - بېتىگىمۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللانغان كىشىلەرنىڭ ماقالىلىرىنى بېسىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتتىن ئاچلىق ئېلان قىلغانلارنىڭ يولسىز شەرتلىرىگە ماقۇل بولۇشنى، «مەيداندىكى بىر نەچچە يۈز مىڭ ئازاب چېكىۋاتقان پەرزەنتنى قۇتقۇزۇۋېلىش»نى تەلەپ قىلدى. ماقالىدا «ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىش» توغرىسىدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىنمىدى، ماھىيەتتە ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئۆزىنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى بويسۇندۇرۇش تەلەپ قىلىندى؛ 2 - بەتتە يەنە، ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇغۇچىلار ئاتا - ئانىلىرىنىڭ «ھەققانىيەتنى ياقلىغان»لىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بېرىلدى، بۇ خەۋەردە مەركەز رەھبەرلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ۋەتەنپەرۋەرلىك، دېموكراتىيە تەلىپى»نى قاندۇرۇش؛ «بالىلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش» تەلەپ قىلىنغان، ئەمما، ئوقۇغۇچىلارنى ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىدىغان بىرەر ئېغىزمۇ سۆز ئېيتىلمىغان. بۇنى ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىش دېگىلى بولامدۇ؟ مەن ئەشۇ ئاتا -

ئانىلاردىن بىرەرسىنىڭمۇ پەرزەنتلىرىنى ئاچلىق ئېلان قىلىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلمىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مۇشۇ خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسى ۋە ھەر بىر جۈملىسى پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە بېسىم ئىشلىتىشنى، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلۈش-تىرىلىشكە قارىماي داۋاملىق ئاچلىق ئېلان قىلىۋېرىشكە دەۋەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان. بۇ گېزىتنى پارتىيە مەيدانىدىن چەتلەپ كەتتى دېمەك خاتا بولمايدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدا نۇرغۇن كىشىلەر پايتەختتىكى مەلۇم گېزىت 5-ئاينىڭ 18-كۈنىدىكىدەك خەۋەرنى بەرمىگەن ۋە بەزى تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى قوزغىتىش خاراكتېرىدىكى سىنئالغۇ لېنتىسىنى كۆرسەتمىگەن بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزدا «19-ماي» كۈنىدىكى ئېغىر ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى، دېيىشتى. بۇمۇ جامائەت پىكرىنى خاتا تەرەپكە يېتەكلەشنىڭ ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جامائەت پىكرىنى خاتا تەرەپكە يېتەكلەش مالىمانچىلىقنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ كېتىشىگە مۇھىم سەۋەب بولدى.

(3) بېيجىڭنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە ئۇستىلىق بىلەن تاقابىل تۇرۇلدى ۋە قارشى تۇرۇلدى، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارغا دارتىلاپ ھوجۇم قىلىندى ۋە تۆھمەت قىلىندى. مەسىلەن: مەلۇم گېزىت بىرىنچىدىن، «بېيجىڭدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەنلىكىنىڭ × -كۈنى» دېگەن رامكىلىق خەۋەرلىرىدە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا ئۇسۇلى بىلەن ئىنكار قىلدى ھەم ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە قارشى تۇردى. مەسىلەن: ئۇنىڭدا پايتەختنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى ئەسلىدە ياخشى ئىدى، ئاساسىي كوچىلاردا قاتناش راۋان ئىدى، ھەتتا قاتناش ھادىسىسى ئازايغان ئىدى (قاتناش توختاپ قالغان تۇرسا، قاتناش ھادىسىسى نەدىن كەلسۇن؟)، دەپ يازدى. دېمەك، بۇ يەردە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق دېمەكچى. 5-ئاينىڭ 23-كۈنى مۇشۇ گېزىت «مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ نەق مەيدانىنى زىيارەت قىلىش خاتىرىسى»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ بېشىدىلا كوچىدا كېتىۋاتقان بىر ئايالنىڭ سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «بىز پايتەخت گراژدانلىرى ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز باشقۇرالايمىز» دېيىلادى؛ يەنە بىر ئەر كىشىنىڭ سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ: «ئىلگىرى كوچىدا ۋېلىسىپىتلىكلەر بىر-بىرىگە سوقۇلۇپ كەتسە ئۇرۇشۇپ قالاتتى، ھازىر بىر-بىرىگە قول ئىشارىتى قىلىپ قويۇپلا كېتىدىغان بولدى» دېيىلدى. بۇمۇ ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق، دېگەنلىك. ئىككىنچىدىن، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە دارتىلاپ ھۇجۇم قىلدى. مەسىلەن: مۇشۇ گېزىت ۋېنگرىيىنىڭ بىر مۇئاۋىن زۇڭلىسىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەربىي قىسىملارنى ئىشقا سېلىشقا يول قويۇلمايدۇ» دېگەن سۆزىنى؛ جەنۇبىي چاۋشيەندە «نامايىشچىلار ساقچىلارنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى»، «ۋېنگرىيىدە ناگىنى ئاقلىماقچى» دېگەن خەۋەرنى ئالاھىدە چوڭ ھەرپ بىلەن بېرىپ، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگەنلىكىمىزنى جەنۇبىي چاۋشيەن ئەكسىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ ئاممىنى باستۇرغانلىقى بىلەن سېلىشتۇردى. ئۇلارنىڭ غەرىزى نەقەدەر زەھەرلىك-ھە! ئۈچىنچىدىن، پىتنە-ئىغۋا توقۇش ۋاسىتىسىنى

ئىشقا سېلىپ، خەلقنى ھەربىي ھالەت يۈرگۈزۈشكە قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى، بېيجىڭدا يۈز بەرگەن «3 - ئىيۇن» ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىغا چاپان ياپتى، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار ئالدى بىلەن ئوق چىقاردى، دەپ تۆھمەت قىلدى. مەسىلەن: يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھېلىقى گېزىت 1 - بېتىنىڭ كۆرۈنەرلىك يېرىگە كۆزدىن ياش ئاققۇزىدىغان گاز قاچىلىنىدىغان ئاپتوموبىلغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئاپتوموبىلنىڭ سۈرىتىنى باستى، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار خەلقنى باستۇرۇش ئۈچۈن زەھەرلىك گاز ئىشلىتىپ كەتتى، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇ باشقا قىسىملارنىڭ قورال - ياراق قاچىلايدىغان ئاپتوموبىلى ئىكەن؛ يەنە ئالايلۇق، 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنى 2 - بەتكە «بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدىن ئەمەلىي خاتىرىلەر» دېگەن تېمىدا ئۈچ پارچە سۈرەت بەردى، بىراق، ئۇنىڭدا كىمنىڭ توپىلاڭ پەيدا قىلغانلىقى چۈشەندۈرۈلمىدى، بۇ، كىشىنى ھەيران قالدۇردى؛ 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مۇشۇ گېزىت 1 - بېتىگە «بېيجىڭنىڭ بىر كېچىسى» دېگەن تېمىدا خەۋەر بەردى. خەۋەردە مۇنداق دېيىلدى: «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتىنىڭ 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى باشماقالىسىدا 6 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سەھەردە پايتەختتە ئېغىر ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى، دېيىلدى. 3 - كۈنى سائەت 22 ئۆپچۆرىسىدە ھەربىي مۇزېي ئەتراپىدا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى، ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار شەھەرگە كىردى. يېرىم كېچىدىن سەھەرگىچە بەزىلەر گېزىتىمىزگە تېلېفون بېرىپ، ئۆلۈم - يېتىم ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇرىدى». بۇ خەۋەر كىشىنى «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» پايتەختتە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەردى، دەپتۇ دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويىدۇ ھەم ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار ئالدى بىلەن ئوق چىقىرىپتۇ، دېگەندىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇلار «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»نىڭ باشماقالىسىنى 1 - بەتنىڭ ئاستىغا تازا قىستاپ بەردى. قىسقىسى، ئەشۇ گېزىتنىڭ خەۋەرلىرىدىن بېيجىڭدا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ يۈز بەرگەنلىكىنى زادىلا بىلگىلى بولمايدۇ، پەقەت ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملار ئاممىنى باستۇرىدى دېگەن مەنە چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، ئۇلار پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى.

3

مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ داۋامىدا بەزى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ جامائەت پىكرىنى خاتا تەرەپكە يېتەكلەپ قويۇش خاتالىقىنى سادىر قىلغانلىقى ئۇزۇندىن بۇيان بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكرى ئېقىمى يامراپ كەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك، زىيالىيلار ئارىسىدىن كومپارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى تىللاپ داڭ چىقارغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاتالمىش «نوچىلار» چىقتى، ئۇلار «ۋەتەنپەرۋەرلىك»ۋە «دېموكراتىيە» نىقابىنى يېرتىپ تاشلاپ، كومپارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى سىياسىي ئەشۋەقات قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قۇرۇق گەپ سېتىپ ئاممىنى قايمۇقتۇرىدىغان يامان ئىستىل شەكىللەندۈردى. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا چاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان بۇ «نوچىلار» بەزى جامائەت پىكرى ئورۇنلىرىدا باشقى-

لارنى تىللاش يولى بىلەن داڭ چىقارغان ھەم ئۇزاقتىن بۇيان يولداش جاۋزىياڭنىڭ ھىمايىسىگە، ئىشەنچىسىگە ۋە ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرۈشىگە ئېرىشىپ كەلگەن. شاڭخەيدە چىقىدىغان مەلۇم گېزىت ئۇزاقتىن بېرى ئەشۇ «نوچى»لارنىڭ ماقالىلىرىنى بېسىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىپ كەلگەن، ئەمما، يولداش جاۋزىياڭ بۇنى ئاڭلىمىسىمۇ ئاڭلىماسقا سالدى. مۇشۇ گېزىتنىڭ 4 - ئايدىكى سانلىرىنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇلار يەنجياچى، خۇجىۋېي قاتارلىق نۇرغۇن «ئاتاقلىق كىشىلەر»نىڭ ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى تەرغىپ قىلدى. مەسىلەن: ئۇلار ئېلان قىلغان «ئىسلاھاتنىڭ ئورنىنى قەيەرگە قويۇش كېرەك؟» دېگەن خەۋەردە، قانداقتۇ ھازىر تۈزەش، ياخشىلاشتىن پايدىلىنىپ، ئىسلاھاتتىن ھېساب ئېلىنىۋاتىدۇ، دېيىلدى، ماھىيەتتە تىغ ئۇچى لى پېڭ زۇڭلىغا قارىتىلدى؛ «دۆلەت مۇلۇكچىلىكى دۇنيا مىقياسىدا ئاخىرقى چەككە بېرىپ قالدى» دېگەن خەۋەردە خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك ۋە ئاتالمىش «ئارىلاشما شەكىل» تەرغىپ قىلىنىپ، قانداقتۇ خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك دۆلەت مۇلۇكچىلىكى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك، دېيىلدى؛ «ئاخبارات ئەركىنلىكى» توغرىسىدىكى بىر نەچچە ماقالە ۋە خەۋەردە ئېلىمىزدە ئاخبارات ئەركىنلىكى يوق، «مۇخبىرلار ئەركىنلىكى بولمىغان خىزمەتچىلەرگە ئايلىنىپ قالدى»، ئۇلارنىڭ «ئۆز ھۆكۈمىتىنى ئەركىن تەنقىد قىلىدىغان ۋاسىتىسى يوق»، ۋەھالەنكى، تەيۋەندىكى گېزىتلەر «تۆتىنچى كۈچ» بولۇپ شەكىللىنىۋاتىدۇ، ئۇلار ھەتتا لى دېڭخۇينىمۇ تىللىيالايدۇ، دېيىلدى، قانداقتۇ خەلق باشقۇرىدىغان گېزىت چىقىرىش، «جان تىكىپ ئاخبارات ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش»، ھەممە گېزىتلەرنى «تۆتىنچى كۈچ»كە ئايلاندۇرۇش تەرغىپ قىلىنىدى ھەمدە «ئېلىمىز جەمئىيىتى دۇچ كېلىۋاتقان يوشۇرۇن كرىزىس قۇرۇلما خاراكتېرى، ئومۇمىلىق خاراكتېرى ۋە ئومۇمىي گەۋدە خاراكتېرىغا ئىگە بولدى، ھەر قانداق سىياسىي پارتىيىنىڭ 100 مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىش ھوقۇقى يوق» دېيىلدى. ئۇلار بۇ يەردە كومپارتىيىنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش كېرەك دېمەكچى؛ ئۇلار ئېلان قىلغان «كەلگۈسى ئون يىللىق ئىسلاھات توغرىسىدا تەسەۋۋۇر» سەرلەۋھىلىك ماقالىدا ماركسىزمنى «يېڭىلاش»، زامانىمىزدىكى ئەڭ يېڭى ئىدىيىلەرنى كەڭ دائىرىدە قوبۇل قىلىپ، يېڭى نەزەرىيە بەرپا قىلىش، سىياسەتنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش، كاپىتالىزم تۈزۈمى ئاساسىدىكى كۆپ پارتىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش تەرغىپ قىلىنىدى؛ «ئەركىن كارخانا تۈزۈمى ئورنىتايلى» دېگەن ماقالىدە «تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە قانۇنىي ئىگىلەر پايغا ئىگە بولۇۋاتقانلىقىدەك تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى ئېلىمىزنىڭ مۇلۇكچىلىكىنى ئىسلاھ قىلىشتا تەپەككۇر يولى قىلىشقا بولىدۇ» دېيىلىپ، كاپىتالىزم يولى كۆككە كۆتۈرۈلدى؛ ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە دېموكراتىيە، مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش تەلەپ قىلىنىدى، بۇ گېزىت بەزىلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئوچۇقتىن- ئوچۇق سەۋر - تاقەتنىڭمۇ چېكى بولىدۇ، زىيالىيلار بىلەن ھۆكۈمەت بارغانسېرى بىر- بىرىدىگە ئىشەنمەيدىغان ھالەتتە تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا، غەربنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىنى زور كۈچ

بىلەن ئەيىنەك قىلىش زۆرۈر بولماقتا، ئىسلاھاتتا ئەڭ ياخشىسى ئۇدۇل ماڭغان تۈزۈك، ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرماسلىق كېرەك، دېموكراتىيە بىلەن ئىلىم - پەننى بازاردىن ئىبارەت مۇشۇ يول ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم، دېيدى. ئېلىمىزدە يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك ئىش تۇتقان گېزىت-ژۇرناللار يالغۇز مۇشۇ بىرلا ئەمەس. ھەتتا بەزىلەر ئاشكارا ھالدا «خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك خىتابنامىسى» ئېلان قىلدى، بەزىلەر «سوتسىيالىزمنىڭ مەغلۇبىيىتى — 20 - ئەسىرنىڭ چوڭ مىراسى» دەپ، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ كاتتىباشلىرى كۆككە كۆتۈرگەن «ئۇرۇشماي غەلىبە قىلىش» دېگەن سەپسەتىگە ھەم دۇنيادا سوتسىيالىزم كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يوقىلىدۇ، دېگەن ھۆكۈمگە جور بولدى. ئېلىمىزنىڭ نەزەرىيە، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئاخبارات ساھەلىرىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلغۇچىلار ھېچقانداق تەپتارتمايدىغان ھالەت شەكىللىنىپ قالدى، ئۇلارغا قارشى تۇرغانلار بولسا ھۇجۇمغا ئۇچرىدى، ھەتتا ئۇلارغا گېزىت - ژۇرناللاردىن ئورۇن بېرىلمىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان ئەشۇ كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك يوللار بىلەن مالىمانچىلىق، ھەتتا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ پەيدا قىلغانلىقى ھەرگىزمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

4

مۇشۇ بىر مەزگىلدىكى ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتىمىز شۇكى، پارتىيە گېزىتى پارتىيە ۋە خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇشى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ جامائەت پىكرىنى يېتەكلىشى، ئاخباراتنىڭ پارتىيەۋىيلىك ۋە چىنلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. بىز ئاساسىي جەھەتتىن مۇشۇنداق قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ يېقىنقى مەزگىلدە جامائەت پىكرىنى يېتەكلىشى ئاساسەن توغرا بولدى.

«شىنجاڭ گېزىتى»مىزنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى مۇنداق بولدى:

(1) تەھرىر ھەيئىتىمىز چوقۇم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بويىچە ئىش قىلدى. «خەلق گېزىتى»نىڭ 26 - ئاپرېل باشماقالىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، قەتئىي تۈردە مەركەزنىڭ باشماقالىدە بەلگىلىگەن تەدبىرى بويىچە ئىش قىلدۇق، ئاردىسالدا بولمىدۇق، بەزى ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ نەسىھەتى بويىچە پايتەختتىكى بەزى ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى دورايدىغان ئىشنى قىلمىدۇق، شۇنىڭدەك پىتنە - ئىغۋا ۋە «ئامېرىكا ئاۋازى»نىڭ قۇترىتىش خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتى ئالدىدا تەۋرىنىپ قالمىدۇق. پايتەختتە ئوقۇغۇچىلار ئاچلىق ئېلان قىلغانلىقى، 1 مىليون كىشىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن نامايىش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ياكى ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي مەكتەپ، تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى بولسۇن، ھەممىسىنى ئادەتتىكىچە بىر تەرەپ قىلدۇق. «19 - ماي» ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش ۋەقەسىنى بولسا مەركەزلىك ھالدا ھەر تەرەپلىمە خەۋەر قىلىپ، مالىمانچىلىققا قارشى تۇردۇق، تىنچ، ئىتتىپاقلىقنى قوغدىدۇق. بولۇپمۇ يولداش لى پېڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن

پايتەختتە پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە كادىر-
لىرى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى، يولداش
دېڭشياۋپىڭنىڭ 6 - ئاينىڭ 9 - كۈنىدىكى
سۆزىنى ھەم چېن يۈن، لى شيەننيەن، پېڭ
جېن يولداشلارنىڭ سۆزلىرىنى، ھەربىي
ھالەت يۈرگۈزۈش، ئەكسىلئىنقىلابىي توپى-
لاڭنىڭ ھەققىي ئەھۋالى پاش قىلىنغان
خەۋەرلەرنى، يۈەن مۇنىڭ ئوقۇغۇچىلار ۋەكىل-
لىرى بىلەن سۆزلەشكەنلىكى، مۇخبىرلارنىڭ
سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەنلىكى توغرىسى-
دىكى خەۋەرلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىپ تە-
رەپ قىلدۇق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى،
گوۋۇيۈەننىڭ پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملى-
كەت خەلقىگە چىقارغان مۇراجەتنامىسىنى
نۆۋەتتىن تاشقىرى سان قىلىپ چىقاردۇق،
مۇھىم سۆزلەر ۋە تەدبىرلەرنى ئۆگىنىش،
ئىزچىللاشتۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا خەۋەر
بەردۇق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
قارارلىرى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئۆز
ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىل-
دۇق. مۇھەببەت، نەپرەت ئېنىق بولۇش،
مالىمانچىلىققا، توپىلاڭغا قەتئىي قارشى
تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇ-
رۇشتىن ئىبارەت جامائەت پىكرى يېتەكچى-
لىكى ئىدىيىسىنى ئىپادىلىدۇق.

(2) جامائەت پىكرىنى ئوبزور ئارقىلىق
يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە ئىشقا باي-
رىقىمىز روشەن ھالدا ئىپادە بىلدۈردۇق.
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت، يول-
يورۇق چۈشۈرمىگەن ئەھۋالدا، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ مۇددىئا-
سىنى تېز ھەم ۋاقتىدا يەتكۈزدۇق، بۇ ھەق-
ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، كىشىلەرنىڭ كۆڭ-
لىنى تىنچىتىش، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇ-
رۇشتا ئىجابىي رول ئوينىدى. 5 - ئاينىڭ
19 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە
گېزىتىمىزنىڭ 1 - بېتىدىلا 10 پارچە باش
ماقالە، ئوبزورچى ماقالىسى ۋە قىسقا ئوب-
زور ئېلان قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە باشما-
قالە سەككىز بولۇپ، تۇنجى باشماقالىدە
مالىمانچىلىققا قارشى تۇرۇش — نۆۋەتتە
ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مەركىزىي
ۋەزىپە دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇق. «19 - ماي»
ۋەقەسىگە دائىر خەۋەرگە قوشۇپ بېرىلگەن
باشماقالە كېچىلەپ يېزىپ چىقىلدى. مۇشۇ
كۈنلەردە باش تەھرىرلەر، بۆلۈم مۇدىرلىرى
ۋاقىت چىقىرىپ ئوبزور يازدى، ھەر بىر باش
تەھرىر مۇشۇ ئۆتكەلنى مەخسۇس ئىگىلىدى.
ئوبزورلار ۋاقتىدا بولۇش، كۆپ قاتلاملىق
بولۇش، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى ئېنىق
بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

(3) «شىنجاڭ گېزىتى»مىز جامائەت پىك-
رىنى يېتەكلەشتە مەركىزىي نۇقتىمۇ، قوشۇم-
چە نۇقتىمۇ بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇردى، بىر
تەرەپلىمىلىكتىن ساقلاندى. بىز مالىمانچى-
لىققا قارشى تۇرۇش، ۋەزىيەتنى مۇقىملاش-
تۇرۇشقا دائىر خەۋەرلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش
بىلەن بىر ۋاقىتتا، چىرىكلىشىشكە قارشى
تۇرۇشقا دائىر خەۋەرلەرنى بېرىشكىمۇ ئەھ-
مىيەت بەردۇق.

مۇشۇ مەزگىلدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم رەھبەرلىرىنىڭ
ماختىشىغا ۋە بەزى مۇشتەرىلارنىڭ ياخشى
باھاسىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يېتەرسىز
جايلىرىمىز تېخى خېلى كۆپ، يەنى خەۋەر-
لىرىمىز دېگەندەك چوڭقۇر ئەمەس، جانلىق،
رەڭدار، ئەمەس، بەزىلىرى بەك ئۇزۇن،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى خاتالىقلار كۆرۈلدى؛

# «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەن نېمىگە باھا

لى شىك

بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ھەم مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىگە كېڭەيگەن مالىمانچىلىقتا «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەن شوئار نامايىش قىلغان كىشىلەر بەكرەك توۋلىغان شوئارلارنىڭ بىرى بولدى. بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى كىشىلەرمۇ نامايىشچىلار قوشۇنىدا شۇنداق ۋارقىراشتى، بەزى كىشىلەر تېخى: «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېموكراتىك سىياسىينىڭ ئالدىنقى شەرتى دېگەننى تەرغىپ قىلدى. بۇ ئەسلىدە پەسىيىپ قالغان ئوقۇغۇچىلارغا يەل بېرىپ، مالىمانچىلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاتتى. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، پاش قىلىنغان ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقنى ۋە توپىلاڭنى مەخپىي پىلانلىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى سۇيىقەستچىلەر «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەننى بوسۇش ئېغىزى قىلىپ، ئىشەنمەسلىك كەيپىياتىنى تارقىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىلەن قارشىلىشىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭنى قوزغاشتىكى يېقىنقى مەزگىلدىكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرى گېزىت - ژۇرنال چىقىرىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى تەييارلاش، پارتىيىگە قارشى قوشۇن ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، «ئاخبارات ئەركىنلىكى» ئىلمىي مۇھاكىمىدىكى كۆز قاراش مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى نۆۋەتتىكى سىياسىي كۈرەشتىكى نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئاخبارات ساھەسىدە بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان تارقىتىپ كەلگەن كۆز قارىشىمۇ «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭ مەزگىلىدە بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرى دەل مۇشۇ شوئارنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى ۋە مەشىقى بولدى. ئەگەر بۇنىڭدىن ئىلگىرى كىشىلەر «ئاخبارات ئەركىنلىكى»نىڭ مەزمۇنىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى دېيىلسە، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قېتىمقى كىشىنى چۆچۈتىدىغان كۈرەشنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلدى، ئۇنىڭ ئىشلىرىمىزغا كەلتۈرگەن ئېغىر ئاقىۋىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

بۇرژۇئازىيە بىر تەرەپتىن، «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەننى كۆز - كۆز قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تۈرلۈك ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئاخبارات قوراللىرىنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ۋاسىتىسىدىن بىرى شۇكى، ھۆكۈمەت بىۋاسىتە ئاخبارات ئورگانلىرى قۇرۇپ، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئاۋازىنى تارقىتىدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكىدىكى «ئامېرىكا ئاۋازى» ئەنگلىيىدىكى BBC ئىستانسىسى، ياپونىيىدىكى NGK ئىستانسىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ۋاسىتىسى، ھەر خىل

ئۇسۇللار ئارقىلىق مۇخبىر ۋە گېزىت - ژۇرناللارنى سېتىۋېلىش. ئادەتتە، بۇرژۇئا ھۆكۈمەت باشلىقلىرىنىڭ بىر تۈركۈم ئىشەنچلىك مۇخبىر ۋە گېزىت - ژۇرناللىرى بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ داۋراڭ سېلىش، ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى ۋە تەشەببۇسىنى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق تارقىتىپ، جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۈچىنچى ۋاسىتىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ كۆپلەپ يولغا قويىدىغىنى ھەر خىل مالىيە گۇرۇھلىرى ۋە سىياسىي گۇرۇھلار ئارقىلىق جامائەت پىكرى قورالىنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت. غەربنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپى ئۆز ئالدىغا تىجارەت قىلىدۇ دېگەن بەلگىلىمىنى ئېسىۋالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كەينىدە مالىيە گۇرۇھلىرى ۋە سىياسىي گۇرۇھلار ھىمات بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇلار بۇ گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن جامائەت پىكرى ھازىرلايدۇ. ئۇلار بەزىدە ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئىللەتلىرىنى پاش قىلىپ قويىدۇ، ھەتتا زۇڭتۇڭنى تىللاپمۇ قويىدۇ (بۇ ھەر قايسى كاپىتالىستلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە رىقابەتنىڭ ئىپادىسى)، ئەمما ئەزەلدىن ئۆزىنىڭ خوجايىنىنى تىللىغان ئەمەس. كاپىتالىستلار مونوپول تەشكىلاتلار ئارقىلىق ئاخبارات، جامائەت پىكرىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. ئەنگلىيىدىكى 1700 خىلدىن ئارتۇق گېزىتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بىر قانچە گېزىت گۇرۇھى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ. گېزىتخانىلار جامائەت پىكرىنى يېتەكلەشتە بۇ گېزىت خوجايىنلىرىنىڭ ۋە گېزىت گۇرۇھلىرىنىڭ دېگىنى بويىچە ئىشلەيدۇ. ئامېرىكىدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ئۈچ چوڭ شىركەت تەرىپىدىن مونوپول قىلىۋېلىنغان.

غەربتىكى ئاخبارات ئورگانلىرى «ئوبيېكتىپ، ئادىل بولۇش» دېگەن ۋەدىسىنى ئېسىۋالغان. ئۇلارنىڭ مۇخبىرلىرى پاكىتنى ھېچقانداق خاھىش قوشماي ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىمىز دېگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇلار پاكىت تاللاش، تەھرىرلەش، ماۋزۇ قويۇش قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكىر، خاھىشىنى ۋە ياخشى كۆرىدىغان، يامان كۆرىدىغانلىقىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەيدۇ. بۇ قېتىم بېيجىڭدا يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭدا ئازادلىق ئارمىيىنىڭ نەچچە مىڭ كوماندىر - جەڭچىسى يارىدار قىلىندى، نەچچە ئونى ئۆلتۈرۈلدى. ئاز ساندىكى لۈكچەكلەر تەپتارتماستىن ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، قاتىللىق قىلىش بىلەن شۇغۇللاندى، غەربنىڭ ئاخبارات ۋاسىتىلىرى بۇنى زادىلا ئېغىزغا ئالمىدى، ئەكسىچە، ئۇنى «كىشىلىك ھوقۇقنى يۈرگۈزگەنلىك» دەۋالدى. ئارمىيە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى باستۇرغاندا، غەربتىكى بارلىق ئاخبارات ماشىنىلىرى تەڭ ھەرىكەتلىنىپ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي چۇقان سېلىشتى، «خەۋەرلەرگە قارىغاندا»، «ئېيتىلىشىچە»، «كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە» دېگەنگە ئوخشاش ۋاسىتىلەرنى نىقاب قىلىپ تۇرۇپ، ھەدەپ يېتىمە - ئىغۋا تارقىتىپ، جۇڭگوغا قارشى دولقۇن قوزغىدى، بۇنىڭ نەتىجىسىدە دۇنيادىكى نۇرغۇن ئاقكۆڭۈل كىشىلەر ئەسلى ۋەقەنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالماي قالدى، مەملىكەت ئىچىدىكى نۇرغۇن ياش ئوقۇغۇچىلار مۇشۇنداق ئالداش، كۈشكۈرتۈش ئارقىسىدا ئۆزىنى قايغۇغا سالىدىغان، ئۆزگىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنى قىلدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ «ئاخبارات ئەركىنلىكى» ۋە «ئوبيېكتىپ، ئادىل» لىقى!

ماركسىزمچىلار «ئاخبارات ئەركىنلىكى» گە قارشى تۇرمايدۇ، لېكىن بىز ئەزەلدىن «ئاخبارات ئەركىنلىكى» نى ئابستىراكىت، مۇتلەق، سىنىپتىن تاشقىرى دېگەن ئەمەسمىز. سوتسىيالىستىك ئاخباراتچىلىق ئىشلىرى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئۇ سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئاخباراتنىڭ يېتەكچىلىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىدىغان، خەلقنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى ئۈستۈرۈشكە، ئىشەنچى ۋە قىزغىنلىقىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان، مىللەتلەرنىڭ ئىنتىلىش، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان بولۇشى لازىم. چىنلىق ئاخباراتنىڭ جېنى، شۇڭا ھەممە خەۋەردە راست گەپ قىلىنىشى، ھەقىقىي ئىشلار يېزىلىشى كېرەك. لېكىن بۇ بىردىنبىر تەلەپ ئەمەس. چوڭ ۋەقەلەرنى قانداق خەۋەر قىلىش، قايسى ۋاقىتتا خەۋەر قىلىش، قانداق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئويلىشىش كېرەك. بىز پارتىيە، ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ئېنىقلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەتلىرىدىنى بىلىش، نازارەت قىلىش، ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىمىز، بۇ شۈبھىسىز. لېكىن بىز ھۆكۈمەتسىزلەردىن ئەمەس، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قانداق خىزمىتىنى ئاممىغا ئاشكارىلاۋەرمەيمىز، ئۇنداق قىلساق، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالىدۇ. ھەر قانداق دۆلەتمۇ بۇنداق قىلالمايدۇ. ئاخبارات ئەركىنلىكى دېيىلگەندە، مۇنداق ئاخبارات ئەركىنلىكى چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ چەكلىمىسى دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك، پارتىيە گېزىتلىرى ۋە پارتىيىلىك ئاخبارات خادىملىرى پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ چەكلىمىسى دائىرىسىدە بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىز بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول قويىدىغان بولساق، ھەتتا ئەكسىيەتچىل سۆز - ماقالىلەرنى ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق ئەركىن تارقاتساق، كىشىلەرنىڭ كۆڭلى چېچىلىپ، كۈرەش ئىرادىسى بوشىشىپ، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئۇزۇندىن بۇيان ئاخبارات سېپىدە ھەقىقەتەن ئاز سانلىق كىشىلەر «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەننى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىپ قىلىپ كەلدى. بۇ تەرغىباتنىڭ يادروسى ئاخبارات خىزمىتىدە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن ئايرىپ، ئۇنى ھەممە ئادەم ھەر قانداق كۆز قارىشىنى تارقىتالايدىغان قورالغا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. ئالدىنقى بىر مەزگىلدە بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەن ۋىۋىسكا ئاستىدا ئوبيېكتىپ جەھەتتە مالىمانچىلىقنى قوللاپ، جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكى جەھەتتە ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، دۆلەت ۋە خەلققە زىيان كەلتۈرگەنلىكى مانامەن دەپ تۇرمامدۇ؟ پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچىل مەيدانىدا چاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرىدىغان بەزى كىشىلەر ئەركىن ھالدا ئەكسىلئىنقىلابىي جامائەت پىكرى ھازىرلاپ، ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى قوراللىرىنى جېنىنىڭ بارىچە تالىشىدۇ. شۇڭا «ئاخبارات ئەركىنلىكى» دېگەن نېمە ئۇلارنىڭ كىشىلەرنى پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلىشقا قۇترىتىشتا پايدىلىنىدىغان شوئارى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ!

# ئاخبارات-تەشۋىقاتتا ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر نەچچە مۇناسىۋەت مەسىلىسى

شاۋچياڭ

ئالدىنقى بىر باسقۇچتا مەركەزدىكى بەزى تەشۋىقات ئورۇنلىرىنىڭ جامائەت پىكىرىنى يېتەكلىشىدە مەسىلە كۆرۈلدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى يولداش جاۋزىياڭ قاتارلىق ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ خاتالىقىدىن تاشقىرى، ئاخبارات ساھەسىنىڭ ئۆزىدىمۇ چوڭقۇر قايتا ئويلىنىپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان ساۋاققا ئىگە بولدى. بۇ، ئاساسەن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئاڭلىق تۈردە چىڭ تۇرماي بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ۋە بۇرژۇئاچە ئاخبارات قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن بولدى.

مېنىڭچە، ھازىر، مۇنۇ تۆت جەھەتتىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك:

1. ئاخبارات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتى. ئاخبارات سىياسىيغا ئوخشىمايدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا سەكرەپ، ئاخبارات بىلەن سىياسىينىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلىشقىمۇ، ھەتتا ئاخباراتنى سىياسىيدىن ئايرىلسىمۇ بولىدۇ دېگەننى تەشەببۇس قىلىشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئاخبارات خىزمىتى سىياسىۋىلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت، خەۋەرنى بايقاش، خەۋەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىنى سىياسىي جەھەتتىن ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، ئاخباراتنى سىياسىيدىن ئايرىۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. يېقىنقى ئىككى ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن كىشىنى چۆچۈتىدىغان سىياسىي كۆرەشتە، ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ سىياسىي مەيدانى، سىياسىي پوزىتسىيىسى ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرى ئارقىلىق دېگەندەك روشەن ئىپادىلەنمىدىمۇ. پاكىت سىياسىيدىن پۈتۈنلەي چەتلىگەن ئاتالمىش «ساپ ئوبيېكتىپ» خەۋەر تارقىتىش ئاپپاراتىنىڭ زادىلا مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى، دۆلىتىمىزدە مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى چەت ئەل، شياڭگاڭ، ئاۋمېنلاردىمۇ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

2. ئاخبارات ئىسلاھاتى بىلەن ئاخباراتنىڭ تىللىق خاراكتېرىنىڭ مۇناسىۋىتى. بەزىلەر ئاخبارات ئىشلىرىنى پارتىيىنىڭ تىلى دېيىش ئاخبارات ۋاسىتىسىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىگە ماس كەلمەيدۇ، ئاخبارات ئىسلاھاتى داۋامىدا مۇنداق كونا قاراشنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىش كېرەك، دېگەن قاراشتا بولىدى. مېنىڭچە، ئاخبارات ۋاسىتىسىنىڭ تىللىق خاراكتېرى ئوبيېكتىپ پاكىت، ئۇ، باش قاتۇرۇپ كېتىدىغان مەسىلە ئەمەس. پرولېتارىياتنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تىلى، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى بۇرژۇئازىيىنىڭ تىلى. «ئوبيېكتىپ»، «ئادىل» دېگەنلەرنى ئىزچىل تۈردە كۆككە كۆتۈرۈپ كەلگەن «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسىمۇ ئۆزىنىڭ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن سۆزلەيدىغان ئاخبارات ئاپپاراتى ئىكەنلىكىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلمىدىمۇ؟ شەك-شۈبھىسىزكى، ئاخباراتنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭ قانداق ئىسلاھ قىلىنى-

شىددىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ ئىللىق خاراكتېرىدە چوقۇم چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەتتىن چىقىرىلغان يەكۈن، شۇنداقلا، بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقنىڭ بىزگە بەرگەن چوڭقۇر ساۋىقى.

3. جامائەت پىكىرىنى تارقىتىش بىلەن جامائەت پىكىرىنى يېتەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتى. بەزىلەر ئاخبارات ۋاسىتىسىنىڭ ئاساسلىق رولى جامائەت پىكرى تارقىتىش، ئۇچۇر تارقىتىش دەپ قاراپ، ئاخبارات ۋاسىتىسىنىڭ تەشۋىق-تەربىيە، جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش رولىنى ئېتىراپ قىلمىدى. مېنىڭچە، جامائەت پىكىرىنى تارقىتىش مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇلمايدىغان بولسا، جامائەت پىكىرىنى تارقىتىش بىلەن جامائەت پىكىرىنى يېتەكلەش قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇلماي قالمايدۇ. جامائەت پىكرى ھەر خىل بولىدۇ. ئۇچۇر پۈتمەس - تۈگىمەس بولىدۇ. گېزىتنىڭ بەتلىرىنى ھەر قانچە كۆپەيتكەن، رادىئو ئاڭلىتىش، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش ۋاقتىنى ھەر قانچە ئۇزارتقان بىلەنمۇ، ئۇ ھامان چەكلىك بولىدۇ. مۇشۇنچىۋالا كۆپ جامائەت پىكرى ۋە ئۇچۇرلارنىڭ قايسىسىنى ئىشلىتىش، قايسىسىنى ئىشلەتمەسلىك، ئۇلارنى قانداق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇش، تاللاش، بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ يېتەكلەش مەسىلىسى بار. تاللاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش ياخشى بولسا، جامائەت پىكىرىنى يېتەكلەش توغرا بولىدۇ؛ تاللاش ۋە بىر تەرەپ قىلىش مۇۋاپىق بولمىسا، جامائەت پىكىرىنى يېتەكلەش خاتا بولىدۇ. جامائەت پىكىرىنى تارقىتىش بىلەن جامائەت پىكىرىنى يېتەكلەشنى قانداق بىرلەشتۈرۈش، تارقىتىش ئارقىلىق قانداق يېتەكلەشمۇ ئاخبارات ساھەسى ئەستايىدىل يەكۈنلەشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر تەجرىبە-ساۋاق.

4. جامائەت پىكىرىنىڭ نورمال ھالىتىنى ساقلاش بىلەن ئادەتتىن تاشقىرى ۋاقىت ۋە ئادەتتىن تاشقىرى ئۇسۇل - چارىنىڭ مۇناسىۋىتى. پايتەختتە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ تىنچىتىلغاندىن كېيىن، رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ھەقىقىي ئەھۋالنى پاش قىلىپ جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش ئۈچۈن، خەۋەر ئاڭلىتىش قېتىم سانىنى كۆپەيتتى. ئاڭلىتىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى. بۇ چاغدا، بەزىلەر نورمال ھالەتنى ساقلاش كېرەك ئىدىغۇ؟ مۇنچە كۆپ رادىئو خەۋەرلىرى، تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى مۇنچە ئۇزاق ئاڭلىتىشنى، مۇنچە ئۇزاق كۆرسىتىشنى كىم ئاڭلايدۇ؟ كىم كۆرىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. جامائەت پىكىرىنىڭ نورمال ھالىتىنى ساقلاش ئومۇمەن ئېيتقاندا خاتا ئەمەس، ئەلۋەتتە. گەپ ئالدىنقى بىر باسقۇچلۇق ۋاقىتنىڭ بىر مەزگىللىك ئادەتتىن تاشقىرى ۋاقىت بولغانلىقىدا. قايمۇقتۇرۇش خاراكتېرلىك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، «ئامېرىكا ئاۋازى» رادىئو ئىستانسىسى بولسۇن ياكى تەيۋەن مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى بولسۇن ھەممىسى چاستوتىسىنى كۆپەيتتى، پروگراممىلىرىنى تەڭشىدى، ۋاقتىنى ئۇزارتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بەزى يولداشلار بىزدىن نورمال ھالەتنى ساقلاپ، چەت ئەل رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ جامائەت پىكرى بازىسىنى ئىگىلىۋېلىشىغا يول قويۇشنى تەلەپ قىلدى، بۇنى ئاددىيلىق دېگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭچە، ئادەتتىن تاشقىرى ۋاقىتتا ئادەتتىن تاشقىرى ۋاقىتنىڭ ئۇسۇل - چارىسى بولسا بولىدۇ، رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىنى مۇۋاپىق تەڭشەش، پروگراممىلارنىڭ ۋەزنىنى ئاشۇرۇش جامائەت پىكرى بازىسىنى ئىگىلەشتە، چەت ئەل رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ پىتنە - ئىغۋالىرىغا رەددىيە بېرىشتە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ تەجرىبىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

# جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش ۋە ئاخباراتچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى

**تيەن يۈمېيەن**

جامائەت پىكرىنى توغرا يېتەكلەش- يېتەكلىيەلمەسلىك ئاخباراتچىلار قوشۇنى سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئومۇملۇقتىن ئالغاندا، ئەگەر ئاخباراتچىلار قوشۇنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا بايرىقى روشەن هالدا چىڭ تۇرسا، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى ئاڭلىق چەكلىيەلىسە جامائەت پىكرىنى يېتەكلەشتە ئېغىش كۆرۈلمەسلىكى، ئاخبارات تەشۋىقاتى پارتىيىگە ۋە خەلققە پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. ئەكسىچە، ئەگەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرى چوڭقۇر بولغان بولسا، پارتىيە ۋە خەلق مەيدانىدىن چەتلەپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ئىنكار قىلىپ، جۇڭگودا كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن هەدەپ جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇ قېتىم بېيجىڭدە يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىدىن ماللىمانچىلىققا، ماللىمانچىلىقتىن توپىلاڭغا ئايلىنىپ كەتكەن ۋەقە جەريانىدا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلىي هەرىكىتى، ئاخباراتچىلارنىڭ ئىپادىسى بۇنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئاخبارات ساهەسىدىكىلەر مۇشۇ ۋەقەدىن تەجرىبە- ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشى لازىم.

بېيجىڭدە يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدا بىر قىسىم جامائەت پىكرى ئورۇنلىرىنىڭ جامائەت پىكرىنى يېتەكلەشتە ئۆتكۈزگەن خاتالىقى ئاخباراتچىلار قوشۇنىمىزدا خېلى ئېغىر مەسىلە بارلىقىنى تولۇق كۆرسەتتى. مەسىلەن: «خەلق گېزىتى» قاتارلىق نۇرغۇن ئاخبارات ۋاسىتىلىرى نامايىش، جىم ئولتۇرۇۋېلىش، ئاچلىق ئېلان قىلىشقا ئوخشاش هەرىكەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، پائال قوللاپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆز - ئىبارىلەر بىلەن كۆپلەپ خەۋەر قىلدى. بۇ خەۋەرلەر شياڭگاڭ، تەيۋەن ۋە چەتئەللەردىكى ئەكسىيەتچى گېزىت، رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن بىر قېلىپتىن چىقىپ، ماللىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى قوزغىتىش، ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. شۇ بىر مەزگىلدە جامائەت پىكرى «بىر تەرەپكە ئاغدى»، گېزىت، تېلېۋىزىيە خەلق ئاممىسىنىڭ توغرا سادىسى بىلەن ئەمەس، مەدەت بېرىش نامايىشلىرىنىڭ ساداسى بىلەن توشۇپ كەتتى، ئۇلار نامايىشقا قاتناشماسلىقنى «ۋەتەننى سۆيمەسلىك» قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەدەت بەرمەسلىكنى «ئوقۇغۇچىلارنىڭ هايات - ماماتىغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىك» قىلىپ كۆرسەتتى، ئەمەلىيەتتە، ئاچلىق ئېلان قىلغان ئوقۇغۇچىلارنى هالاكەت يولىغا ئىتتەردى، ئۇلارنىڭ پەيدا قىلغىنى، ئەمەلىيەتتە، «قان هىدى چىقىپ تۇرىدىغان جامائەت پىكرى» بولدى. يەنە بىر قىسىم ئاخباراتچىلار «ئاخبارات ئەركىنلىكى»، «ئاخبارات خەۋەرلىرى چىن بولۇش» دېگەنگە ئوخشاش شوئارلارنى كۆتىرىپ، نامايىشقا قاتناشتى، بۇ، پارتىيىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەھۋال، يولداش لى پېڭ 5- ئاينىڭ 19- كۈنى پايتەختتىكى پارتىيە، هۆكۈمەت، ئارمىيە كادىرلىرى يىغىنىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە

ۋەكالىتەن سۆز قىلغاندىن كېيىن بىرقىسىم گېزىت، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى يولداش لى پېڭنىڭ سۆزىگە پەسەنت قىلماي، داۋاملىق زىتلاشتى، «خەلق گېزىتى» ھەتتا 6 - ئاينىڭ 4 - كۈنىمۇ مەۋقەسىنى توغرىلىۋالمىدى. «خەلق گېزىتى»نىڭ شۇ كۈنلۈك سانىنىڭ 1 - ۋە 3 - بەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، خەۋەرلەرنىڭ مەزمۇنى، ماۋزۇ قاتارلىق جەھەتلەردىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنى تۈرلۈك يوللار بىلەن قارىلاش، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە تۈرلۈك يوللار بىلەن دارتىملاپ ھۇجۇم قىلىش جەھەتتە كۆپ باش قاتۇرۇلغان. مەركەزدە چىقىدىغان يەنە بىر گېزىت 5- ئاينىڭ 24- كۈنى «بۇنداق بۇيرۇقنى كىشىنى رىئايە قىلىشقا ئۈندىگىلى بولامدۇ» دېگەن ماقالىنى بېسىپ، گىراماتىكا ۋە ئىستىلىستىكا جەھەتتە كۆرۈلگەن خاتالىقلارنى تۈزىتىشتىن پايدىلىنىپ، ئەمەلىيەتتە بېيجىڭ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىم قوماندانلىق شتابىنىڭ 3- نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى تەنقىد قىلدى ۋە كەمسىتتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ قېتىمقى چوڭ مالىمانچىلىقتىكى ئىپادىسى ئومۇمەن ياخشى بولدى، ئاخباراتچىلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى پارتىيە ۋە خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ، بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم ھالدا ئۆز بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلىپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدى. لېكىن مەسىلە يوقمۇ ئەمەس. «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنى ئالساق، ئايرىم تەھرىر ۋە مۇخبىرلار 5- ئاينىڭ 18- كۈنى نامايىشقا چىقتى، بەزىلىرى ئىمزالىق خەت يېزىپ مەدەت بەردى، بەزىلىرى ئۇنداق ھەرىكەتلەرگە قاتناشمىغان بولسىمۇ، نامايىشقا نىسبەتەن ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە ئورتاق ھېسسىياتتا بولدى.

يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ كۆرۈلۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، مېنىڭچە مۇنداق: بىرىنچى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تەسىرى. ئاخباراتچىلار قوشۇنىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۇزۇندىن بۇيان «ئاخبارات ئەركىنلىكى» نۇقتىئىنەزەرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ كەلدى. ئۇلار تەرغىپ قىلغان «ئاخبارات ئەركىنلىكى» ئەمەلىيەتتە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدىن چەتلەشنى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، شۇنداقلا ئاخباراتنىڭ پارتىيىۋىلىكى بىلەن خەلقچىللىقىنى قارىمۇ قارشى قىلىپ قويىدىغان، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ تىلى بولۇشنى خالىماي، ھەممىگە بىر كۆز بىلەن قاراشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەرغىپ قىلىدىغان ئەركىنلىك. ئېلىمىزنىڭ ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە تەسىرى كۈچلۈك ئەربابلار جاي- جايلاردا ۋەز ئېيتىپ، «ئاخبارات ئەركىنلىكى» نۇقتىئىنەزەرىنى بازارغا سېلىپ، ئاخباراتنىڭ نازارەتچىلىك رولىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلىدى، ھەتتا پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارشى مۇقام تۈۋلىدى. بۇلار ئاخباراتچىلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئىنتايىن يامان رول ئوينىدى؛ ئىككىنچى، ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسى ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى. بەزى مۇخبىرلار ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىدىن خەۋەرسىز، مەسىلىلەرنى ماركسىزم- لېنىنىزمچە مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل بىلەن كۆزىتىش ۋە بىرتەرەپ قىلىشنى ئۇقمايدۇ، ئۇلارنىڭ كوممۇنىزمدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار غايىگە بولغان ئېتىقادى كۈچلۈك ئەمەس، ئەكسىچە بەزى ياش يولداشلار فرېئۇد (Freud) نىتسشې (Nietzsche) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تالىشىپ ئوقۇيدۇ، شەخسكە چوقۇنىدۇ. بەزى يولداشلارنىڭ كەسىپ جەھەتتە ئىلگىرىلىشى خېلى تېز بولسىمۇ، ئىدىيە- سىياسىي جەھەتتە

ئىلگىرىلىشى خېلىلا ئاستا. ھەتتا پارتىيىگە كىرىش ئىلتىماسى يېزىشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئاشكارا ئېيتىپ يۈرگەنلەرمۇ يوق ئەمەس. ئۈچىنچى، مۇخبىر، تەھرىرلەرگە ئاخباراتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى، تەشۋىقات ئىنتىزامى ۋە ئاخباراتچىلىق كەسپىي ئەخلاقىي قاتارلىق جەھەتلەردىن تەربىيە بېرىش يېتەرلىك ئەمەس.

بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ئارقىلىق ئاخباراتچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئىنتايىن جىددىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇۋالدۇق. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرالايدىغان، قەتئىي، توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە ئاخباراتچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش پرولېتارىيات ئاخباراتچىلىقىنى ئىز باسارلارغا ئىگە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. بۇ جەھەتتە زىممىمىزدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماقتىمىز، شۇڭا، ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ھەقىقىي تۇردە ياخشى تۇتۇپ ئىشلىشىمىز لازىم. بىرىنچى، ئاخباراتچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشنى چىڭ تۇتۇش لازىم. ئالدىنقى بىر مەزگىل «شىنجاڭ گېزىتى» تەھرىر ھەيئىتى پات - پات يىغىن ئېچىپ، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىدىيىۋى تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ تۇردى، كۆپ قېتىم بۆلۈم - باشقارما دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى ئېچىپ، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنى يەتكۈزۈپ، جامائەت پىكرىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇردى. ئىككىنچى، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشنى چوقۇم كۈچەيتىش لازىم. ماركسىزم - لېنىنىزمنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى تەكىتلەش بىر نەچچە يىلدىن بېرى قاتمۇقات، كونسىرۋاتىپلىق دەپ قارىلىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ بىر نېمىلىرىنى تەرغىپ قىلىش بولسا «ئىدىيىدە ئازاد بولغانلىق»، «يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھىغا ئىگە بولغانلىق» دەپ قارىلىپ كەلدى. ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە ھەقىقەتەن بىر قىسىم يولداشلار «ئاخبارات ئەركىنلىكى» نەزەرىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، خىزمەت ئەمەلىيىتىدە توغرا يۆنىلىشتىن چەتنەپ كەتتى. شۇڭا ئىدىيىۋى - سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىلگەن ھەق - ناھەقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ناچار كەيپىياتقا زەربە بېرىشىمىز لازىم. ئۈچىنچى، چوقۇم تەشكىلىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بويىچە كادىر تاللاش ۋە سەپلەشتە ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى كۈچەيتىش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەردىن پەخەس بولۇپ، ئۇلارنى ھەرگىز ئۆستۈرمەسلىك، ئەتىۋارلاپ ئىشلەتمەسلىك لازىم. تەشكىلىي قۇرۇلۇش جەھەتتە، ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن ھەممىدىن مۇھىمى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش. تەشكىلىي لۇشيەن جەھەتتە قەتئىي، توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ئىگە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپنى ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ ياخشى تەشۋىق قىلىدىغان ئاخباراتچىلار قوشۇنىنى جەزمەن بارلىققا كەلتۈرۈپ، جامائەت پىكرى يۆنىلىشىنىڭ توغرا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات ئىدارىسى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى:

# ئاخبارات خىزمىتىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش لازىم

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى ئاخبارات ئىدارىسى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى پايتەختتىكى ئاخبارات ساھەسىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىش، 4 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى، يىغىنغا بېيجىڭدىكى بىر قىسىم ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ رېنجى قاتناشتى ۋە سۆز قىلدى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لى يەن رىياسەتچىلىك قىلدى. سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى:

**لى يەن (مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى):** بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىدىن مالىمانچىلىققىچە ھەمدە تەرەققىي قىلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئايلانغىچە بولغان جەرياندا، ئاخبارات ساھەسىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئاخبارات نەزەرىيىسى، كۆز قارىشى توغرىسىدىكى زور بەس - مۇنازىرىلەر ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتتى ھەمدە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەكشۈرۈشىنى باشتىن كەچۈردى. ئىككى ئايلىق ئەمەلىيەت ئاخباراتنىڭ يېتەكلەش تەسىرىنىڭ ناھايىتى زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ھالقىلىق پەيتتە، بىر قىسىم گېزىت-ژۇرناللارنىڭ جامائەت پىكىرىنى يېتەكلىشىدە ئېغىر خاتالىق يۈز بەردى. گەرچە بۇ، ئاساسلىقى، يولداش جاۋ زىياڭنىڭ خاتا يېتەكچىلىكىدىن بولسىمۇ، لېكىن ئاخبارات ساھەسى ئۆزىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم. بىز ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشىمىز، جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم.

**فەن جىڭيى («ئىقتىساد گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى):** يېقىنقى ئىككى ئاي ئاخبارات ساھەسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئادەتتىكى ئىككى ئاي بولمىدى، كىشىلەر ئۇنتۇيالمايدىغان ئىككى ئاي بولدى. تەجرىبە-ساۋاقمۇ ناھايىتى كۆپ بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئۆتمۈش ۋە كەلگۈسى ئۈستىدە سەگەكلىك بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈش زۆرۈرلۈكىنى ئېيتتى. ئاخبارات ساھەسى نېمىلەرنى ئويلىشى كېرەك؟ ئويلىنىش زۆرۈر دەپ قارالغان نەرسە زادى نېمە؟ ئاخبارات خادىملىرىنىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى سەگەك، تەۋرەنمەس، پىشقان جەڭچى بولۇپ يېتىشىشى دەۋرنىڭ بىزدىن كۈتىدىغان تەلىپى، ھەر بىر ئاخبارات خادىمى ئۈچۈن بىر

قېتىملىق سىناق. ئازادلىقتىن بۇيان ئاخبارات ساھەسى بىر نەچچە قېتىملىق بوران-چاپقۇننى بېشىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن، ھېچقايسىسى بۇ قېتىمقىدەك چوڭ بوران - چاپقۇن بولغان ئەمەس. بۇ قېتىمقى بوران - چاپقۇننىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، (1) مەركەزدە ئىككى خىل پىكىر بولدى، ئاخبارات ئورۇنلىرى بىر مەھەل كىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاشنى بىلەلمەي قالدى؛ (2) يولداش جاۋزىياڭ ھالقىلىق پەيتتە ئاخبارات جامائەت پىكىرىنى خاتا يېتەكلىدى؛ (3) بۇ بىر مەيدان بوران-چاپقۇن قايىنىمىغا كىرىپ قالغان ئاخبارات خادىملىرى ناھايىتى كۆپ بولدى، ھەتتا بەزى پېشقەدەم ئاخباراتچىلارمۇ بۇ قاينامغا كىرىپ قالدى؛ (4) ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئىچكى - تاشقى بېسىمغا ئۇچرىدى. لېكىن شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئوخشاش ھاۋا شارائىتىدا، ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمىدى. مەسىلەن: يولداش لى پېڭ ماقتىغان بىر نەچچە ئاخبارات ئورنىنىڭ مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولدى؛ بەزىلىرىنىڭ ئانچە ئوچۇق بولمىدى، مەيدانى يېتەرلىك دەرىجىدە مۇستەھكەم بولمىدى، بايرىقىمۇ تازا روشەن بولمىدى، ھەتتا بوران-چاپقۇننى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋېتىش رولىنى ئوينىدى. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئاخبارات ساھەسىدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەربىيىسى بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى، ھەتتا تاشلىۋېتىلدى. مەركەز ئاخبارات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى بوشاشتۇرۇپ قويدى، ئىدىيەۋى - سىياسىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىك ئاجىزلىشىپ كەتتى، ئۇنتۇلۇشقا بولمايدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى، يوقىتىپ قويۇشقا تېگىشلىك بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر يوقىتىپ قويۇلدى، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر قوبۇل قىلىندى. ئاخباراتنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى، پارتىيىنىڭ تىلى بولۇش رولى، پاك - دىيانەتلىك بولۇش، راستچىل بولۇش، جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش لازىملىقى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىندى، ساختىپەزلىك قىلىش، ئاخباراتتىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشقا ئوخشاش ناچار ھادىسىلەر ئاخبارات قوشۇنىغا سىڭىپ كىردى.

شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بۇ بىر قانچە يىل مابەينىدە ئاخبارات ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجىلىرى ناھايىتى زور بولدى، لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتمەي بولمايدۇكى، بىر مەزگىل ئاخبارات ئىسلاھاتىنىڭ يۆنىلىشى بۇرمىلىۋېتىلدى، بەزىلەر سۆزلىگەن ئاخبارات ئىسلاھاتى بىزنىڭ ئاخبارات خىزمىتىمىزنى غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاخبارات ئەندىزىسى بويىچە ئۆزگەرتىشتىن، مەركەزلەشتۈرۈش نۇقتىسى — ئاخباراتىمىزنىڭ پارتىيىنىڭ تىلى بولۇش رولىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشتىن ئىبارەت، دېمەك، بۇ قېتىمقى ساۋاق ئىنتايىن چوڭقۇر بولدى. مېنىڭچە، ئاخبارات قوشۇنىنى ئىدىيە، ئىستىل، تەشكىلىي جەھەتتىن بىر قېتىم تەرتىپكە سېلىشىمىز، پارتىيىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كېرەك. مېنىڭچە، تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتىكى خىزمەتنى چىڭ تۇتۇش لازىم: (1) ئاخبارات خادىملىرىغا ھەقىقىي تۈردە ماركسىزملىق ئاخبا-

رات ئىلمىي تەربىيەسى بېرىش؛ (2) ئاخبارات خادىملىرىغا دۆلەت ئەھۋالى تەربىيەسى بېرىش؛ (3) ئاخبارات خادىملىرىغا ئەنئەنە تەربىيەسى ئېلىپ بېرىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقىنى كۈچەيتىش؛ (4) رەھبەرلىك بەنزىسىگە بولغان تەربىيەنى كۈچەيتىش.

**يالى ۋېيگۇاڭ (مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى):** يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنى ئۆگىنىپ، بۇ بىر مەزگىللىك خىزمەتلىرىمىزگە نەزەر سالساق، نۇرغۇن مەسىلىلەرنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بەزى ئاخبارات خادىملىرى دۆلەت قانۇنىغا خىلاپ ھالدا كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلدى، ئىنتايىن ئاز ساندىكى يولداشلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا قارشى كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى، تېلېۋىزىيە دىكتورلىرى پارتىيە مەيدانىدا تۇرماي، ئۆزىنىڭ خاتا ئىدىيەسىنى ئىپادىلىدى. بۇنداق ھادىسىلەر پارتىيىمىزنىڭ ئاخبارات تارىخىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى گەرچە مەركەزدىكى ئاساسلىق رەھبەردىي يولداشلارنىڭ جامائەت پىكىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى خاتالىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئاخبارات ساھەسىدىكى بەزى يولداشلار ئۆز-ئۆزىنى تەكشۈرۈپ باقمىغان بولسا، ئۆزلىرىنىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرمىغانلىقىنى، غەربنىڭ خىلمۇ خىل ئاخبارات قاراشلىرىنى تەرغىب قىلغانلىقىنى چۈشىنىدۇ مەسىلەن: ئاخبارات نەزەرىيەسى تەتقىقاتى، ئاخبارات مائارىپىدا ئاخباراتنىڭ پارتىيىۋىلىكى تىلغا ئېلىنمىدى ياكى «خەلقچىللىق» پارتىيىۋىلىكىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىلدى؛ ئاخباراتنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ تىلى بولۇشتەك رولى ئىنكار قىلىنىپ، مۇتلەق ئاخبارات ئەركىنلىكى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈلدى. ئاخبارات ئەركىنلىكى ۋە ئاخبارات ئىنتىزامىدىن ئىبارەت دىئالېكتىك بىرلىكنىڭ مۇناسىۋىتى ئىلمىي يوسۇندا شەرھىلەپ بېرىلمەيلا قالماستىن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىمۇ تەكىتلەنمىدى. بۇ خاتا ئىدىيىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاخبارات قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بىر مىنۇتمۇ كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغان ئىش بولۇپ قالدى. بۇ خاتا كۆز قاراشلارنى ماركسىزملىق ئاخبارات قارىشى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئاخبارات قوشۇنىدىكى يولداشلارنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرىدىغان ئاڭلىق جەڭچىلەردىن قىلىش لازىم.

**لىۋفۇشەن («بېيجىڭ گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى):** بۇ بىر مەزگىللىك ئاخبارات خىزمىتىنى قايتا ئويلاپ باقايلى، ئاخباراتنى ئىسلاھ قىلىش كېرەكمۇ - يوق؟ قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك؟ بۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان ناھايىتى ئېغىر مەسىلە. ئاخبارات ئىسلاھاتىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، تۆت ئاساسىي پرىنسىپ دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئاساسى، ئىسلاھات ئاخبارات ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇشنىڭ بىردىنبىر يولى، شۇڭا ئاخبارات ئىسلاھاتىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك، لېكىن «فامىلىسى»نى ئۆزگەرتىۋېتىشكە بولمايدۇ، ئۇنىڭ «فامىلىسى» كومپارتىيە» — پارتىيىنىڭ تىلى، مانا بۇ ئاخبارات ئىشلىرىدا چىڭ تۇرىدىغان تۈپ خاراكتېر. دېمەك، پرولېتارىيات ئاخبارات ئەنئەنىسى بويىچە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم.

ئاخبارات ئەركىنلىكى مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭچە، مۇتلەق ئاخبارات ئەركىنلىكى يوق. هازىر بەزىلەر تەكىتلەۋاتقان ئاخبارات ئەركىنلىكى بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭلا دۇمبىقىنى چالىدۇ، ئەگەر تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئۈستىدە ئېغىز ئېچىپ ئازراق قوشۇلمايدىغانلىقىڭنى بىلدۈرۈپ قويدۇڭمۇ، بولدى، تىل-ھاقارەتكە ئۇچرايسەن، بۇ، قانداقمۇ ئاخبارات ئەركىنلىكى بولسۇن؟ بىزنىڭ ئاخباراتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسىدە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدىلا ئەركىنلىكى بار.

**شۇشىنخۇا (شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىرى)**: مېنىڭچە، ئاخبارات ئىشى پارتىيىنىڭ ئىشى، شۇڭا، باشتىن-ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش لازىم. سىياسىي يۆنىلىشنى تىلغا ئالماي، نوقۇل ھالدا «ئوبيېكتىپ»لىقنىلا تەكىتلىگەن بىلەن بولمايدۇ، بۇ «ئوبيېكتىپ»لىق بىلەن نېمە مەقسەتكە يەتمەكچى؟ ھەر قانداق شەيئىنىڭ ھادىسىلىرى بولىدۇ، ماھىيىتى بولىدۇ، لېكىن قانداق تاللاشنىڭ ئۆزىمۇ بىر يېتەكلەش، پەقەت شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان نەرسىنى تاللىغاندىلا، ئاندىن ئوبيېكتىپ دېگىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئاخبارات خادىملىرىمىز پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى لازىم. غەربنىڭ بۇ قېتىمقى «ئوبيېكتىپ»، «ئادالەت» دېگەن نەرسىلىرى بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېچىپ قويدى، بىز ئۈچۈن بىر قېتىملىق دەرس بولدى. پويىز كۆيدۈرۈشتەك بىر پاكىتنى ئالىدىغان بولساق، بىز ئۇنى جىنايى ئىشلار جىنايىتى، دەپ ئاتىدۇق، ئامېرىكا بولسا «دېموكراتىيە ئەزىمەتلىرى» دەپ ئاتىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ «ئوبيېكتىپ»، «چىن» دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى پىتنە-ئىغۋادىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**شاۋخۇازې («خەلق گېزىتى»نىڭ باش تەھرىرى)**: ئۆتكەن ئۈستىدە سوغۇققانلىق بىلەن پىكىر يۈرگۈزۈپ، كېلەچەك ئۈستىدە سالماقلىق بىلەن ئويلاش — ئاخبارات خادىملىرىغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم. بۇ قېتىمقى ۋەقەدە، ئومۇمخەلق ئاخباراتقا كۆڭۈل بۆلدى، جامائەت پىكىرى خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى، ئاخباراتنىڭ يېتەكلىشىدە يۈز بەرگەن خاتالىق كەلتۈرۈپ چىقارغان خەۋپ ئۈستىدە غۇلغۇلا قىلىشتى دېيىشكە بولىدۇ.

ھازىر، ھەر قايسى جەھەتلەردە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، ئاخبارات خىزمىتىدىمۇ ئەلۋەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم. بۈگۈن بىز قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، مەسىلىنىڭ يادروسى ئاخبارات ئىسلاھاتىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. ئاخبارات ئىسلاھاتىنى قايسى ئىدىيە بىلەن يېتەكلەش لازىم؟ ئىسلاھاتنىڭ مەقسىتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ بۇ مەسىلىلەردە ئېغىر ئىختىلاپ مەۋجۇت، بۇ ئىختىلاپ ئەمەلىيەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ قارىمۇ قارشىلىقىدىن ئىبارەت. ئالدىنقى بىر باسقۇچتىكى پاكىت بىزگە شۇنى ئېنىق تونۇتتىكى، ئۆتكۈر، مۇرەككەپ كۈرەش بىزنىڭ جامائەت پىكىرى قوراللىرىمىزنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا مۇھتاج بولغان ۋاقىتتا، بەزى ئاخبارات جامائەت پىكىرى قوراللىرى تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى، بەزى-

لىرى ھەيئىتى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ قارار، تەشەببۇس، تەلەپلىرىگە قارشى مۇقام تۇۋلاپ، كىشىلەرنى ئىلھامسىزلاندۇردى، تەقەززا قىلدى، ھەزەپلەندۇردى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ سەۋەبلىرى تولىمۇ مۇرەككەپ، مۇھىم ھالقا شۇكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى بولغان يولداش جاۋزىياڭ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تويپالاڭنى قوللاش ۋە پارتىيىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشتەك ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزدى، شۇڭا ئۇ جاھائەت پىكىرىنى يېتەكلەشتە سادىر بولغان خاتالىققا مەسئۇل بولۇشى لازىم.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇنداق ئەھۋالنىڭ سادىر بولۇشى ئاخبارات قوشۇنىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ بۇرژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك.

بۇ بىر ساۋاق. بۇ ساۋاق بىزنىڭ ئاخبارات خىزمىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بارمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ، بەلكى بىزنىڭ ئاخبارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشتا ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، ماركسىزمنىڭ ئاخبارات خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم كۆز قارىشى ۋە ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى، شۇنداقلا بىزنىڭ ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىن بۇيانقى ئاخبارات خىزمىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش لازىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ھەرگىزمۇ ئاخبارات ئىسلاھاتىغا توسالغۇ بولمايدۇ ۋە چەك قويمايدۇ ھەم ئۇنداق قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش — ئاخبارات خىزمىتىنى توغرا يۆنىلىش بويىچە ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ، بىزنىڭ ئاخبارات خىزمىتىمىزنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا»دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ئۆز رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرىدۇ.

مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ۋاڭ رېنجى ئاخىرىدا نۆۋەتتىكى ئاخبارات-تەشۋىقات خىزمىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پايتەختتە ھەربىي ھالەت يۈرگۈزگۈچى قىسىملارنىڭ جۇن دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنى قوبۇل قىلغان چاغدىكى سۆزى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، شۇنداقلا پۈتكۈل تەشۋىقات، ئاخبارات خىزمىتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى. بىز پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ سۆزىنىڭ روھىنى ئوبدان تەشۋىق قىلىشىمىز ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى داۋاملىق، قەتئىي ئىجرا قىلىشىمىز، پارتىيە 13 - قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت

تولۇپ لۇشيەنىنى ئومۇمييۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىشىمىز لازىم. بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز تۆت ئاساسىي پرىنسىپنىڭ باش يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، شۇڭا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن قارىمۇ قارشى قىلىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇرژۇئازىيە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش — تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشنىڭمۇ ئېھتىياجى. 4 - ئومۇمىي يىغىندا بەلگىلەنگەن، نۆۋەتتە چىڭ تۇتۇلىدىغان تۆت چوڭ ئىشنى چۆرىدىگەن ھالدا تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىنى ئاكتىپ، ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، چىرىكلىكنى تۈگىتىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ۋە دېموكراتىيە، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

گېزىتلىرىمىزنىڭ، رادىيو ئىستانسىلىرىمىزنىڭ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىمىزنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ ئەلۋەتتە داۋاملىق ئاخبارات ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنداق ئىسلاھات ھەرگىزمۇ پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ چىقىش بولماستىن، بەلكى پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىدىغان، مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بولۇشى لازىم؛ ھەرگىزمۇ سوتسىيالىزم يولىدىن چەتنەيدىغان بولماستىن، بەلكى سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بولۇشى لازىم. بۇرژۇئازىيە ئاخبارات ئىدىيىسىنىڭ ئاخبارات ساھەسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان قالايمىقانچىلىقلارنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئاخبارات قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاخبارات جامائەت پىكرى بازىسىنى ياخشىلىشىمىز لازىم.

## فىنلاندىيىلىك ئىككى مۇخبىر بىلەن «تەيۋەن گېزىتى» نىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق مەخسۇس خادىمى ئاپتونوم رايونىمىزدا زىيارەتتە بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز: فىنلاندىيىنىڭ «ياردەم» ژۇرنىلى ئىدارىسىنىڭ ئىككى مۇخبىرى بۇ يىل 5- ئاينىڭ 9- كۈنى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ يەتتە كۈن ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى.

فىنلاندىيىلىك مۇخبىرلار ئىلگىرى - كېيىن تۇرپان، قەشقەر ۋە قونجىراپ ئېغىزىدا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى؛ ئۈرۈمچىدە جۇڭگو بىلەن چەتئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا — تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھەسسىدارلىق شىركىتىنى، مىللىي چالغۇ ئەسۋابلىرى زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى.

«تەيۋەن گېزىتى» نىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق مەخسۇس خادىمى شۈبوشيۈڭ ئەپەندى ئاسىيا تەرەققىيات بانكىسىنىڭ يىغىنىدا مۇخبىرلىق قىلغاندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 11- كۈنى ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولۇش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىزغا كەلدى.

شۈبوشيۈڭ ئەپەندى ئۈرۈمچىدىكى مەزگىلدە ئاق ئېرىق جىلغىسىدا ساياھەتتە بولدى، تۇرپاننى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدى ۋە زىيارەتتە بولدى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە شىنجاڭ خەلقئارا ئىقتىساد - تېخنىكا ھەمكارلىق شىركىتىنى زىيارەت قىلدى.

جاڭ خېچىڭ

# ئاخباراتنىڭ جامائەت پىكرىدىكى رولى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇردۇ

ۋۇ مىڭشى

(مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ دائىمىي ئەزاسى)

بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق تەرەققىي قىلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئايلىنىش جەريانىدا ئاخباراتنىڭ جامائەت پىكرىدىكى رولى ھەممە كىشىنىڭ دىققەت نەزىرىنى قوزغىدى ۋە كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇردى.

يولداش لى پېڭ 6-ئاينىڭ 13-كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە قاراشلىق تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنىدا سۆز قىلىپ، بىر قىسىم ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ بۇ قېتىم مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولغانلىقىنى تەقدىرلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بىر قىسىم ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ بىر مەزگىل يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى.

1. يولداش خۇياۋباڭغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى باشلىنىش بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىدا مۇرەككەپلىك كۆرۈلۈشكە باشلىدى، ئۇ كۈچلۈك سىياسىي تۈس ئېلىپ، تەزىيە بىلدۈرۈش كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ كەتتى.

4-ئاينىڭ 18-كۈنى تيەنئەنمېن، بېيجىڭ داشۆ، بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئورۇنلاردا يولداش خۇياۋباڭنى ئاقلاشنى، مەنىۋى بۇلغىنىشقا ۋە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن ئەنزە ئاغدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ يېزىلغان باياناتلار، «قېرىنداشلارغا مۇراجىئەت» لەر پەيدا بولدى. بىزنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرىمىز، رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىمىز بۇنىڭغا ئىنكاس قايتۇرمىدى، بەزىلىرى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا تەرغىب قىلدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقى 4-ئاينىڭ 20-كۈنى ئوقۇغۇچىلار شىنخۇامېنگە باستۇرۇپ كىرگەندە بەزىلەرنىڭ «كوممۇنىستىك پارتىيىنى يوقىتايلى» دەپ ئەكسىيەتچى شوئار توۋلىغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا ھۇجۇمغا ئۇچرىدى.

4-ئاينىڭ 21-كۈنى ئالىي مەكتەپلەر پائالىيەت كومىتېتى قانۇنسىز ھالدا قۇرۇلدى (كېيىن ئالىي مەكتەپلەر ئاپتونومىيە بىرلەشمىسى، دەپ ئۆزگەرتىلدى) ئۇلار شۇ كۈنى ئاخشىمى تيەنئەنمېن مەيدانىغا كىرىپ ئورۇنلاشتى، شۇ كۈنى يەنە جىياچى قاتارلىق ئاتالمىش زىيالىي «نوچىلار» ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ئوچۇق خەت يېزىپ، ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىغا مەدەت بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

4-ئاينىڭ 22-كۈنى 100 مىڭ كىشى تيەنئەنمېندە كۈچ كۆرسىتىپ تەلەپ قويدى.

4-ئاينىڭ 24-كۈنى 38 ئالىي مەكتەپنىڭ 60 مىڭ ئوقۇغۇچىسى دەرس تاشلىغانلىقىنى

جاكارلىدى.

بۇ چاغدا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر نامايىشنى پەيدىنپەي خەۋەر قىلىشقا باشلىدى، لېكىن ئۇلار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنىلا ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ جەرياندا بارلىققا كەلگەن مالىمانچىلىق ھادىسىلىرىنى زادىلا پاش قىلمىدى، تەنقىد قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. دېمەك بۇنىڭ بىلەن مۇشتەرىلار، رادىئو ئاڭلىغۇچىلار ۋە تېلېۋىزور كۆرگۈچىلەردە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى چىرىكلىشىشكە، ھايانكەش ئەمەلدارلارغىلا قارشى تۇرىدۇ، دېموكراتىيىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇلار ۋەتەنپەرۋەر دەيدىغان خاتا تەسىرات پەيدا بولۇپ قالدى.

شۇڭا 4-ئاينىڭ 26-كۈنى «خەلق گېزىتى» باش ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇنىڭ خاراكتېرىنى «مالىمانچىلىق» دەپ بېكىتكەندىن كېيىن، ھېچقانداق ئىدىيىۋى تەييارلىقى بولمىغان زور كۆپچىلىك كىشىلەر بۇنى قوبۇل قىلالمىدى. بۇنى مالىمانچىلىقنىڭ دەسلەپىدىكى جامائەت پىكرى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلىك دېمەي بولمايدۇ.

2. تېخىمۇ ئېغىر سەۋەبلىك كېيىن يۈز بەردى. مانا بۇ سەۋەبلىك يولداش جاۋزىياڭنىڭ 5-ئاينىڭ 6-كۈنى ئاخبارات ئەركىنلىكى توغرىسىدا قىلغان سۆزى بولدى. ئۇ چۈشتىن بۇرۇن خۇچىلى، رۇي شىڭۋېن يولداشلار بىلەن سۆزلەشكەن، ئۇلار كېيىن پايتەختتىكى ئاساسلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرىغا يەتكۈزگەن، مەن بۇنىڭ مەزمۇنىدىن تاكى ھازىرغىچە تولۇق خەۋەر تاپمىدىم، لېكىن يولداش خۇچىلى 6-كۈنى كەچتە ماڭا مۇخبىرلار جەمئىيىتى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىشنى تاپىلاپ تېلېفون بەرگەندە، ئاخبارات ئىسلاھاتىنى چوقۇم ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى، ئاخبارات ئەركىنلىكىنى كەڭرەك قويۇۋېتىش بولىدۇ، مۇخبىرلار جەمئىيىتى ئاممىۋى تەشكىلات، مۇخبىرلار ۋە تەھرىرلەرنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىدا كۆۋرۈك بولسا بولىدۇ، مۇخبىرلارنىڭ ئاۋازىغا ۋەكىللىك قىلسا، پارتىيە، ھۆكۈمەت بىلەن ئوخشاش بولۇپ كەتمىسىمۇ بولىدۇ، دېدى.

مەن يولداش جاۋزىياڭنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنىمۇ ئاڭلىدىم: ھازىر ئاخبارات ئەركىنلىكى مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالدى، ئالدىنقى بىر مەزگىل قاتتىق تىزگىنلىنىپ كەتتى، كېيىنچىرەك سەل قويۇۋېتىلدى، نامايىشلار خەۋەر قىلىندى، بۇنىڭ ھېچقانداق كارايىتى يوق، ئوچۇق-ئاشكارا بولۇش دەرىجىسى سەل كۈچەيگەندەك قىلىدۇ، بۇنىڭدا چوڭ خەتەر يوق، يېقىنقى بىر مەزگىل ئىچىدە ئاخبارات-خەۋەرچىلىكتە، ئەمەلىيەتتە، چوڭ بۆسۈش بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش كېرەك.

جاۋزىياڭنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەمەلىيەتتە، ئاخبارات ساھەسىگە ئوت تۇتاشتۇردى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، قاپقاقنى ئېچىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاخبارات سېپىدە يار پەيدا بولۇپ، ئۇلار مالىمانچىلىقنى پىلانلىغۇچىلارنىڭ خەۋەرچىلىكتىكى چەكلىمىنى بىكار قىلىش، ئاخبارات ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇش تەلىپىگە ماسلاشتى.

يولداش لى پېڭنىڭ «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىزدىكى بەزى يولداشلار بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقتا پارتىيە مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ ئاخباراتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرماي، ئەكسىچە ئۇنى خاتا تەرەپكە يېتەكلىدى» دېگەن گېپىنىڭ مەنىسىمۇ ئەنە شۇ يەردە.

شۇنىڭدىن كېيىنكى پايتەختتىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلدى، بۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئارمىيە گېزىتى، «بېيجىڭ گېزىتى»، بېيجىڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋەكىللىك قىلدى، يەنە بىر تەرىپىدە «خەلق گېزىتى» ۋەكىللىك قىلدى. ئامما: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا قارشى مۇقام تۇتۇلدى، دېيىشتى.

5- ئاينىڭ 4- كۈنى ئاخبارات ساھەسىدىكى كىشىلەر (400 _ 500 دەك كىشى) بىرىنچى قېتىم نامايىشقا قاتناشقان، جاۋزېڭياڭ سۆز قىلغاندىن كېيىن نامايىشقا قاتناشقان مۇخبىر، تەھرىر ۋە تېلېۋىزىيە خادىملىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، 5 - ئاينىڭ 8-كۈنى بىر قانچە مىڭ مۇخبىر، تەھرىر مۇراجىئەتنامىگە ئىمزا قويدى.

مالىمانچىلىقنى پىلانلىغۇچىلار بۇرۇنلا ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ مەدەت بېرىشىنى ۋە قاتنىشىشىنى قولغا كەلتۈرمەكچى بولغانىدى. مەسىلەن، يەن جياچى قاتارلىقلار شۇنداق قىلماقچى بولغان. ئامېرىكىدىكى جۇڭگو دېموكراتىيە بىرلەشمىسى»دىكى خۇ پىڭ، لىيۇ شاۋبو قاتارلىق«دېموكراتىيە بىرلەشمىسى»ئۇنسۇرلىرىمۇ مۇشۇنداق ئوي-خىياللاردا بولۇپ كەلگەن.

لېكىن ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرى تولۇق ئەمەلگە ئاشمىدى، جۇڭگو ئاخباراتچىلىرى ئېسىل ئىنقىلابىي ئەنئەنىگە ئىگە، نۇرغۇن يولداشلار پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا، خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇردى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش يولىدا قەتئىي كۈرەش قىلىپ، ناھايىتى زور ئىرادىچانلىق كۆرسەتتى.

بىراق يوشۇرماي شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، پايتەختتىكى ئاخبارات ساھەسىدە ھەقىقەتەن خېلى كۆپ كىشىلەر بىر مەھەل يۆنىلىشتىن ئېزىپ، مالىمانچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى. بۇ بىر ئېچىنىشلىق، چوڭقۇر ساۋاق.

3. ئۈچ گەز قېلىنلىقتىكى مۇز بىر ئاخشامدىلا قاتمايدۇ. بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقتا بىرمۇنچە ئاخبارات ئورۇنلىرى بىر مەزگىل يۆنىلىشتىن ئازدى، بۇ، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققانلىقىنىڭ نەتىجىسى. ئىدىيە ساھەسىدىكى ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ كۈندىن كۈنگە يامراپ كېتىشى بىلەن ئاخبارات ساھەسىدىكى ھاۋامۇ قاتتىق بۇلغانىدى.

ئەڭ دەسلەپتە پارتىيىۋىلىك بىلەن خەلقچىللىق ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش باشلاندى.

ئىنقىلابىي تايانچى بازىلاردىن باشلاپلا پارتىيە گېزىتى ئاساسىي گەۋدە، پارتىيە گېزىتى پارتىيىنىڭ قۇلىقى، كۆزى، تىلى بولۇپ كەلدى، ئەزەلدىن تارتىپلا پارتىيە گېزىتىنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلماي، مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلماي پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى توغرا، ئومۇميۈزلۈك، تولۇق، ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىش لازىملىقى تەكىتلىنىپ كەلدى. لېكىن بەزى يولداشلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ساۋاقلىرىنى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى سولچىل خاتالىقنىڭ ساۋاقلىرىنى خاتا ھالدا يەكۈنلەپ، خەلقچىللىق پارتىيىۋىلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېيىشتى. «قانداقتۇ پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرساق خاتالاشىمىز، خەلقچىللىقتا چىڭ تۇرساق، خاتا-

لاشمايمىز!» دېگەن بىرنېمىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇنى تەرغىب قىلغۇچىلار ئۇزلىرىنى قالتىس چاغلاپ، خەلقچىللىقنى ناھايىتى سىرلىق بىر نەرسە قىلىپ كۆرسەتتى، ئۆزلىرىنى پارتىيىدىنمۇ ئەقىللىق چاغلاپ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلماقچى بولدى. بىر مۇنچە كىشىلەر بۇ ئىنتايىن خاتا كۆز قاراشنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، پارتىيىنىڭ تىلى بولماسلىق قويۇنىنى چىقاردى. بۇ، ئاخبارات ساھەسىدىكى ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ يامراپ كېتىشىدىكى مۇھىم نەزەرىيىۋى ئاساس، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ جەريانىدا بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ يۆنىلىش خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزۈشىدىكى ئىدىيىۋى مەنبە.

بۇ ئەمەلىيەتتە، تازىمۇ ئۇچىغا چىققان بىمەنىلىك. خەلقچىللىق دېگەن نېمە؟ نېمىنىڭ خەلقچىللىققا ئۇيغۇن كېلىدىغانلىقىنى كىم بەلگىلەپ بېرەلەيدۇ؟ بۇنى بەلگىلەيدىغانلار شۇلارنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ؟ بىر مۇخبىر، بىر تەھرىر قانداقمۇ پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل پاراسىتىدىنمۇ دانا بولۇپ كېتەلىسۇن؟! بۇ غەرب بۇرژۇئا ئالىملىرىنىڭ «تاجىسىز پادىشاھ بولۇش»دېيىلىدىغان سەپسەتىسىنىڭ ئۆزگەرتىلمىسى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ مۇخبىرلىرى«پادىشاھ» ئەمەس، مالىيە مونوپول كاپىتالىنىڭ قۇللىرى، بۇ سىياسىي گۇرۇھ ياكى ئۇ سىياسىي گۇرۇھنىڭ قۇللىرى، خالاس.

ئەينى ۋاقىتتا بۇ سەپسەتىگە نۇرغۇن كىشىلەر قارشى چىققان ۋە بۇنىڭ خەۋپىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى. لېكىن، بۇنى تەرغىب قىلغۇچىلار ئۆز پىكرىدە تەرسالىق بىلەن چىڭ تۇردى ھەتتا شېرىك توپلاپ كۆچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىمكانىيىتى يار بېرىدىغان دائىرىدە ھەدەپ يولغا قويدى.

شۇ چاغدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئىشقا ئارىلىشىپ، 1981- يىل 1- ئاينىڭ 29-كۈنى گېزىت-ژۇرنال، ئاخبارات ۋە رادىئو تەشۋىقاتىنىڭ فاكچېنى توغرىسىدا قارار چىقاردى، بۇ قاراردا تۆت ئاساسىي پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش تەكىتلەندى. تۆت ئاساسىي پىرىنسىپقا خىلاپ خاتا ئىدىيىلەر تەنقىد قىلىنىدى، پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش، مەركىزىي كومىتېتنىڭ بۇرۇنقى خاتالىقلىرىنى باھانە قىلىپ، مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھازىرقى رەھبەرلىكىگە بويسۇنمايدىغان خاتا خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش لازىملىقى، تەشۋىقات ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش، مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارارىغا خىلاپلىق قىلىپ ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىشقا يول قويماسلىق لازىملىقى تەكىتلەندى.

لېكىن، ئىسلاھات دولقۇنى داۋامىدا، پارتىيىۋىلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشقا قارشى كىشىلەر ئاخبارات ئىسلاھاتىدىن پايدىلىنىپ، ئەركىنلەشتۈرۈشنى ھەدەپ تەرغىب قىلدى، ئۇلار غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئاخبارات نەزەرىيىسىنى كۆپلەپ كىرگۈزۈپ، ئاتالمىش ئاخبارات ئەركىنلىكىنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىپ، ئاخباراتنىڭ سىنىپىلىكىنى يوققا چىقاردى.

ئۈچ قېتىملىق ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى كۆرەش ئاخبارات سېپىدە ئۇجۇقتۇرۇۋېتىلدى.

بىرىنچى قېتىمدا ھېچقانداق تېگىلمىدى، ئىككىنچى قېتىمدا ئاران 28 كۈن داۋام قىلدى، ئۈچىنچى قېتىمدا بىر نەچچە كۈن داۋام قىلىپلا ناھايىتى قىيىن بولۇپ قالدى. جاۋزىياڭ 1987- يىلى 1- ئايدا تۆت ئاساسىي پىرىنسىپ دېيىلگەندە پارتىيە رەھبەرلىكى تەكىتلەنسىلا بولدى، دېدى. كېيىنرەك يەنە

پارتىيە رەھبەرلىكىنى سۇسلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، كېيىن بېرىپ ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش قاتمال ھالغا چۈشۈپ قالدى. يولداش خۇياۋباڭ ھەر ھالدا گېزىت پارتىيىنىڭ تىلى دېگەنىدى، جاۋزىياڭ پارتىيىنىڭ تىلى دېگەن سۆزنىمۇ ئېغىزغا ئېلىشنى خالىمىدى.

4. ئاخبارات سېپىدىكى ئەركىنلەشتۈرۈش ئىككى ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرى، كۆپ مەنبەچىلىك، ئۇلار گېزىت-ژۇرنال، ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزىيىلەرنىڭ رولى ياكى فۇنكسىيىسى ۋە ياكى ۋەزىپىسى كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ، يەنى سىياسەتنى تەشۋىق قىلىدۇ، جامائەتچىلىكنىڭ رايىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى يولغا قويىدۇ، بىلىم تارقىتىدۇ، ئۇچۇر ئالماشتۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېچىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدۇ ۋە تاۋارلارنى تونۇشتۇرىدۇ ۋەھاكازا دەپ تەرغىپ قىلىدۇ. بۇنداق كۆپ تەرەپلىمە ۋەزىپە ھەم فۇنكسىيىلىك رولىنىڭ بولۇشىنى ئاساسسىز دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. لېكىن مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ئاساسىي ۋەزىپە ۋە ئاساسلىق فۇنكسىيىلىك رولىنى سۇسلاشتۇرۇپ قويىدۇ، ھەتتا يوققا چىقىرىدۇ. ئەگەر سەن يېتەكچىلىك خاراكتېرىنى تەكىتلەيدىغان بولساڭ، ئۇ دەرھال ئاممىۋىلىق، بىلىم بېرىش، كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، سەن پارتىيە گېزىتىنى باشقۇرۇشنى تەكىتلەيدىغان بولساڭ، ئۇ دەرھال ئاممىۋى تەشكىلات، خەلق ۋە شەخسلەر گېزىت باشقۇرۇشنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. سەن مەركەز بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاشنى تەكىتلەيدىغان بولساڭ، ئۇ دەرھال ھەر تەرەپنىڭ ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ، قىسقىسى، گېزىت-ژۇرنالنىڭ ئاساسىي خاراكتېرى، ۋەزىپىسى ۋە رولىنى ھەر خىل - ھەر ياڭزا تەلەپلەر ئىچىگە سىڭدۈرۈۋاتىدۇ، بۇنىڭغا كۆپ مەنبەچىلىك دەپ چىرايلىق نام قويۇۋالغان. ئۇلار ئەمەلىيەتتە گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇلار گېزىتنى پارتىيىنىڭ تىلى دېيىشكە قارشى چىقىدۇ. ھەتتا «پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ تىلى، خەلقنىڭ تىلى» دېيىشنىمۇ خالىمايدۇ.

ئىككىنچىسى، نېيتراللىق، بۇ بىر خىل ساختىپەزلىك قىلىدىغان ئۇسۇل. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار بىر خىل نەزەرىيىنى كۈچىنىڭ بېرىچە تەرغىپ قىلىپ ئاخبارات ئىشلىرى كىسلاتالىقمۇ ئەمەس، تۇزلۇقمۇ ئەمەس، بەلكى نېيتراللىق (مۆتىدىل) بولۇش كېرەك، دېگەن تەبىرنى بەرمەكچى بولدى. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، گېزىت، ئاگېنتلىق، رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ ھەممىسى تارقىتىش ۋاسىتىسى دېمەكچى، سەن بۇلارنى تارقىتىش ۋاسىتىسى ئەمەس دېيەلمەيسەن، بۇنى ئوخشاش بولمىغان سىنىپلار، مەنپەئەتى ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلارنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلالايدۇ. تارقىتىش ۋاسىتىسى دېگەن سۆز بىلەن نېمىنى ھەل قىلماقچى، گېزىتنى گېزىت قەغىزى دېمەكچى. بۇ نېيتراللىق تەبىرى ئارقىلىق ئاخبارات قورالىنىڭ سىنىپىيلىكى ياكى ئۇنىڭ سىياسىي تۈسىنى يوققا چىقارماقچى. چۈنكى بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى نېمىنى تارقىتىش، كىم ئۈچۈن تارقىتىش، كىم تارقىتىش، قانداق تارقىتىشقا مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدا خاھىشنىڭ (تۈسىنىڭ) ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوخشىماسلىق كېلىپ چىقىدۇ، سىنىپ، قاتلام، جامائەت تەشكىلاتىنىڭ ئوخشىماس-

لىقىدىن ئوخشىماسلىق كېلىپ چىقىدۇ، تارقىتىش ۋاسىتىسىنى تەرغىپ قىلغۇچىلار مۇشۇنداق ساختىپەزلىك قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىنى يوشۇرىدۇ، ئاتالمىش «چىنلىق»، «ئوبيېكتىپلىق»، «ئادىللىق» دېگەن بىر نېمىلەر ئارقىلىق ئاممىنى قايمۇقتۇرىدۇ.

«چىنلىق» دېگەن نېمە؟ ئامېرىكا ئاۋازى، تەيۋەن، شياڭگاڭدا چىقىدىغان بىر مۇنچە گېزىتلەر تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ قانغا بويالغانلىقى چىنلىق دەيدۇ. بىز تيەنئەنمېن مەيدانىدا بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۆلمىگەنلىكى چىنلىق، دەيمىز.

«ئوبيېكتىپلىق» دېگەن نېمە؟ ئامېرىكا ئاۋازى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئاممىنى كەلسە - كەلمەس ئۆلتۈرگەنلىكى ئوبيېكتىپ دەيدۇ، بىز ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭچىلارنىڭ ئازادلىق ئارمىيىنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ئىلاجىسىزلىقتىن قايتۇرما زەربە بەرگەنلىكى ئوبيېكتىپ، دەيمىز.

«ئادىللىق» دېگەن نېمە؟ ئامېرىكا ئاۋازى مالىمانچىلىقنى «ۋەتەنپەرۋەر ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى» ياكى «دېموكراتىك ھەرىكەت»، مۇشۇنداق دېگەندە «ئادىللىق» بولىدۇ، دەيدۇ، بىز سىياسىي سۇيىقەستچىلەر قۇتراتقان، پىلانلىغان ۋە تىزگىنلىگەن پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ھەرىكەتنى «مالىمانچىلىق»، كېيىن تەرەققىي قىلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ بولدى، مۇشۇنداق دېيىش ھەقىقىي ئادىللىق بولىدۇ، دەيمىز.

دېمەك، بۇنىڭدىن ھەر خىل سىنىپ، ھەر خىل ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ «چىنلىق»، «ئوبيېكتىپلىق»، «ئادىللىق» توغرىسىدىكى ئۆلچىمىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز. بىز كوممۇنىستلار ئۆزىمىزنىڭ مەيدانى ۋە كۆز قارىشىنى قىلچە يوشۇرمايمىز، چىنلىق، ئوبيېكتىپلىق ۋە ئادىللىققا دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمى ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنيا قارىشى ۋە تارىخ قارىشى بىلەن مۇئامىلە قىلىمىز. بىزنىڭ تەكىتلەۋاتقىنىمىز ماھىيەتلىك چىنلىق، شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئوبيېكتىپلىق، خەلقنىڭ مەنپەئەتى ئۆلچەم قىلىنغان ئادىللىق.

يۇقىرىدىكى ئىككى ئالاھىدىلىك پۈتكۈل ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، كۆپ مەنبە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتە كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبىنىڭ بولۇشى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قاتارىدا تەرغىپ قىلىندى، سىياسىي جەھەتتە ئىگىلىكنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىغان كۆپ پارتىيە تۈزۈمى قاتارىدا تەرغىپ قىلىندى؛ ئىدىيە جەھەتتە، ئىگىلىكىنىڭ كۆپ مەنبەلىك بولۇشى ماركسىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىش ئىنكار قىلىنغان ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىش بولدى. نېيتراللىقنى ئېلىپ ئېيتساق، ئىقتىسادىي جەھەتتە تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىي خاسلىقى يوق، دەپ تەرغىپ قىلىندى، سىياسىي جەھەتتە، دۆلەت ئاپپاراتى (ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، سوت، تۈرمە) نىڭمۇ سىنىپىي خاسلىقى يوق، دەپ تەرغىپ قىلىندى.

5. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەچكە بىر مۇنچە گېزىت-ژۇرنال، رادىئو ئىستانسىسى، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان

تۆت ئاساسىي پرىنسىپ توغرىسىدىكى تەشۋىقاتتا ئىنتايىن پاسسىپ مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. ھەتتا ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئېلان قىلدى.

بەزى يولداشلار: قورال كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ قولىدا چىڭ ساقلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قەلەمنىڭ ھەممىسىنى كومپارتىيىنىڭ قولىدا دېگىلى بولمايدۇ، ھەتتا خېلى زور بىر تۈركۈمى كومپارتىيىنىڭ قولىدا ئەمەس، دېيىشىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاخبارات ساھەسىدە تېخىمۇ گەۋدىلىك.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالنى ئېلىپ ئېيتساق، بولتۇر 3-ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن، بەزى گېزىت-ژۇرناللار چېكىنىشنىڭ ئالدىنى ئالايلى! دەپ چوقان كۆتۈرۈشتى. مەركەز تەرتىپكە سېلىش، تۈزەشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئۇلار تەرتىپكە سېلىش، تۈزەش يولغا قويۇلسا ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى چېكىندۈرۈۋېتىدۇ، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ توختاپ قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، دېيىشتى. ھەتتا ئوچۇقتىن-ئوچۇق: قانداقتۇ «رەھبەرلەرنى غەيرىي تەرتىپ رەسمىيىتى بىلەن ئۆزگەرتىۋېتىش»نىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك، دەپ چوقان كۆتۈردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى پەيدىنپەي ئېلىپ بېرىش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تىنچ-ئىتتىپاق بولۇش ۋەزىيىتىگە بويسۇنۇشى كېرەك، دېسە، ئۇلار ئىتتىپاق، مۇقىم بولۇش ئۈچۈن سىياسىي دېموكراتىيىلەشتۈرۈشنى تېزلىتىش، ئاخبارات ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش كېرەك، دېيىشتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، «4-ماي» ھەرىكىتىنى خاتىرىلىگەندە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى، ئىلمىي ۋە دېموكراتىك روھنى تەشۋىق قىلىشنى تەكىتلەش كېرەك، دېسە، ئۇلار ئىلمىي، دېموكراتىك روھنى تەكىتلىدى، لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى ئاز تەكىتلىدى ھەتتا تىلغا ئالمىدى. جەمئىيەتتە بىر تۈركۈم كىشىلەر «4-ماي» ھەرىكىتىنىڭ 70 يىللىقى، فرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ چوڭراق غوۋغا چىقىرىشقا خېلى بۇرۇندىنلا تەييارلىق قىلىپ كەلگەنىدى ھەم بۇ جەھەتتە ناھايىتى كۆپ جامائەت پىكرى تەييارلىغانىدى. ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ تەبىئىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ماۋجۇشى كۆرسەتكەن: «بىر ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن جامائەت پىكرى تەييارلاش كېرەك» دېگەن قانۇنىيەتنى چۈشەندى.

بۇ يەردە گەۋدىلىك ئىككى مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمەن:

ئالدى بىلەن ئاتالمىش «شېكوۋ ۋەقەسى»نى مىسالغا ئالاي. بۇنىڭدا مۇنەۋۋەر ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتچىلەرگە قارا چاپلىنىدۇ. «خەلق گېزىتى»نىڭ خەۋىرى ئالدى بىلەن ئىش كۆرگەندەك قىلىسىمۇ، ئاتالمىش «سەگدۇرۇش»، «ۋەز-نەسىھەت» قىلىشقا قارشى تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىنكار قىلىدۇ. سوتسىيالىزمنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى تەشۋىق قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. بۇ ۋەقە پۈتۈن مەملىكەتنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت ئىشلەيدىغان كەڭ كادىرلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. كېيىن ئىشلار خۇنۇكلىشىپ كەتتى، دېگەن باھا بىلەن تاشلاپ قويۇلدى.

تېلېۋىزىيە فىلىمى «لاتقا»نى مە-

سالغا ئالساق، بۇ ئالتە قىسىملىق تېلېۋىزىيە فىلىمى بولۇپ، بۇنىڭدا جۇڭگونىڭ مىللىي مەدەنىيىتىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان، پۈتۈنلەي غەربلەشتۈرۈش ئەسەبىيلىك بىلەن تەرغىپ قىلىنغان. بۇ دەل ھەقىقىي «سىڭدۇرگەن»لىك، ئۇچىغا چىققان «ۋەزنەسەھەت» ئەمەسمۇ؟! لېكىن ئۇلار بۇنى ئىجادىي ئىشلەنگەن «تېلېۋىزىيە سىياسىي» ياكى «سىياسىي تېلېۋىزىيە» دەپ كۆككە كۆتۈردى، ئۇنى ئارقا-ئارقىدىن قويۇپ پۈتۈن مەملىكەتنى زەھەرلىدى. يولداش ۋاڭ جېن بۇنى قاتتىق تەنقىد قىلغاندا، جاۋ زىياڭ: يامان ئەمەس فىلىم، دېدى ھەم لى گۇاڭيۇاۋغا تەقدىم قىلدى. بۇ جۇڭگو ئۈچۈن نېمە دېگەن سەتچىلىك. چۈنكى لى گۇاڭيۇاۋ سىنگاپورنىڭ زۇڭلىسى، ئۇ شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشنى، غەربنىڭ چىرىك مەدەنىيىتىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەملىكەت ئىچىدىمۇ نۇرغۇن يولداشلار بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرغان ئىدى، لېكىن ئۇلار قولىقىنى يوپۇرۇۋالدى، ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇقلار پىكىر بايان قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن گېزىت سەھىپىسىدە بەزى ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى بايان قىلدى، لېكىن يەنە «خۇنۇكلىشىپ كەتتى» دېگەن باھانە بىلەن تاشلاپ قويۇلدى.

بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە توپىلاڭدا پۈتۈن دۇنيادىكى ئاخباراتچىلار ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپلا قالماي، بەلكى جۇڭگودىكى ئالدى بىلەن پايتەختتىكى ئاخباراتچىلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ رولىنى كۆرسەتتى. بەزى يولداشلارنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولدى، بەزىلىرىنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولمىدى. نۇرغۇن يولداشلار ئېچىنغان ھالدا: «مەركەزنىڭ ئورگان گېزىتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا قارشى مۇقام توۋلىدى» دېيىشتى.

خۇددى يولداش لى پېڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىمىزدىكى بەزى يولداشلار بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق جەريانىدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئاخباراتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئورنىغا ئىشنى خاتا تەرەپكە يېتەكلىگەنلىكى ئۈچۈن بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرى بىر مەھەل يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالدى، بىر مەزگىل بەزى ئاممىۋى ھېسسىيات ۋە تونۇش جەھەتتە پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە ۋە ئارمىيىگە زىت ئورۇندا تۇردى. بۇ ئەلۋەتتە جامائەت پىكرى تەييارلاش خىزمىتىمىزنىڭ ۋەزىيەتكە يېتىشەلمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

6. بۇ قېتىمقى بېيجىڭدە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ ۋەقەسى ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرگە ئىنتايىن قاتتىق، ئىنتايىن چوڭقۇر ساۋاق بولدى. شۇنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەككى، ئىدېئولوگىيە ساھەسىنى پرولېتارىيات ئىگىلىمىسە، بۇرژۇئازىيە ئىگىلەيدۇ. ئاخبارات-جامائەت پىكرىدىن ئىبارەت بۇ بازىدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە ئىزچىل تۈردە قەتئىي قارشى تۇرۇش لازىم. مەن بۇ جەھەتتە ئۈچ تۈرلۈك پىكىر بېرىمەن:

1. ئاخبارات قوشۇنىنى تەرتىپكە سېلىش كېرەك. ئاخبارات قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى بولۇپمۇ سىياسىي ساپاسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ رەھبەرلىك ياد-

روسى ھەقىقىي ماركسىزمچىلاردىن بولۇشى كېرەك. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان قوشۇن تېز كېڭەيگەنلىكتىن مۇستەھكەم تايانچ كۈچلەر ئازىيىپ كەتتى، نۇرغۇن ياشلار بۇ سەپكە كىردى، بۇ يېڭى قانلارنى كۆپەيتىشكە پايدىلىق، لېكىن بۇنىڭ بىلەن نەزەر دائىرىسى چوڭقۇر بولماسلىق، مەيدانى مۇقىم بولماسلىقتەك قىيىنچىلىقلارمۇ پەيدا بولدى. ئىلگىرى تېخنىكا-كەسىپ تەكىتلىنىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تىرىشىپ ياخشىلاش، پارتىيىۋىلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ماركسىزملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئىنتىزام تەربىيىسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسى جەھەتتىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىش لازىم. «ھەممىدە پۇلغا قاراش» ئىدىيىسىنىڭ ئاخبارات قوشۇنىنى چىرىتىشكە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك؛ ئاخباراتچىلارنىڭ پاك دىيانەتلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

2. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاخبارات مائارىپىنى كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلىش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى يېتەكچى قىلىنغان جۇڭگو ئاخباراتچىلىقى نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، ئىنقىلابىي ئاخباراتچىلارنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ئاخبارات ئىدىيىسىنى چەكلەش لازىم.

3. ئاخبارات ئىسلاھاتىدا ئالدى بىلەن ئۈچ چوڭ ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ قولىقى، تىلى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاخبارات ئەركىنلىكىدە ھەم ئۆز ھوقۇقىنى يولغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىش ھەم مەجبۇرىيىتىنى ئۆتەشكە ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، قىسقىسى، تۆت پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا ھەم ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە پايدىلىق بولۇش كېرەك. «ئېچىلىش-سايراش» فاڭجېنىنى يەنىلا ئىزچىل ئىجرا قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكىنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەشۋىق قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئەركىنلىكى بولۇشىنى، كونا ئىدىيە، كونا كۆز قاراش ۋە كونا ئۇسۇللارغا قارشى تۇرۇش ئەركىنلىكى بولۇشىنى تەشۋىق قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاخباراتنىڭ ھەر خىل رولىنى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشنى تەشۋىق قىلىش، ئوبيېكتىپ ئۇچۇر، ھەر خىل سادالارنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ئىجتىمائىي سۆزلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى يولغا قويۇش رولىنى تەشۋىق قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. ھالبۇكى بۇلار بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى تېخىمۇ ئوبدان تەشۋىق قىلىش، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ ئوبدان تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك.

بىلىم تارقىتىش، كۆڭۈل ئېچىش ھەرگىز بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تارقىتىشنى ئەمەس، ئەكسىچە، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت، ئەخلاق ۋە سالامەتلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

(«خەلق سىياسىي كېڭەشى گېزىتى»نىڭ 1989-يىل 18-ئىيۇل سانىنىڭ 2-بېتىدىن ئېلىندى)

# ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ پارتىيە گېزىتى مېخانىزمى توغرىسىدىكى پىكرى ۋە ئەمەلىيىتى

تۆڭ بىڭ

ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلار مەتبۇئات مۇتەپەككۇرلىرى ۋە ئەربابلىرى ئىدى، پارتىيە گېزىتى مېخانىزمى توغرىسىدا بولۇپمۇ پارتكوم بىلەن پارتىيە گېزىتىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلىش ۋە ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈش ئۇلار ئۈچۈن مۇھىم كاتېگورىيە بولغان. ئۇلارنىڭ مۇشۇ كاتېگورىيە توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ھازىر ئاخبارات ئىسلاھاتىنى، بولۇپمۇ ئاخبارات تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

## 1

ماركس، ئېنگېلسلار پارتىيە گېزىتىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پارتىيە خىزمىتىدىكى غايەت زور رولىغا يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. ئاۋستىرىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ ئورگان گېزىتى- «ئىشچىلار گېزىتى» 1895 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ كۈندىلىك گېزىتكە ئۆزگەرتىلگەن چاغدا، ئېنگېلس ئالاھىدە خەت يېزىپ تەبرىكلەپ مۇنداق دېگەن: «ھەر بىر پارتىيە، بولۇپمۇ ئىشچىلار پارتىيىسى تۇرمۇشىدا، تۇنجى كۈندىلىك گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنىشى ئالغا قاراپ چوڭ بىر قەدەم تاشلانغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ؛ بۇ، ئاز دېگەندىمۇ پارتىيىنىڭ مەتبۇئات ساھەسىدە باراۋەر قورال ئارقىلىق ئۆز دۈشمىنىگە قارشى كۈرەش قىلىدىغان تۇنجى بازىسى.» دېمەك، پارتىيە گېزىتىنى قورال، بازا دەپ قاراش ماركس، ئېنگېلسلەرنىڭ ئىزچىل ئىدىيىسى. ئۇلار يەنە پارتىيە گېزىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىنى سىياسىي مەركەز، تەشكىلىي مەركەز، تىل دېگەنگە ئوخشاش ئوخشىتىشلار ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن.

ماركس، ئېنگېلسلەر ئىزچىل يوسۇندا مۇنداق قارىغان: پارتىيە گېزىتى پارتىيە دائىرىسىنىڭ شەخسىي قورالى ئەمەس ھەم ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك؛ ئۇنداق بولۇشقىمۇ يول قويۇلمايدۇ. پارتىيە گېزىتى پۈتۈن پارتىيىنىڭ بايلىقى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ قورالى بولۇشى كېرەك، بەلكى شۇنداقلا بولالايدۇ.

پارتىيە گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ ھەقىقىي تۈردە پۈتۈن پارتىيىنىڭ جامائەت پىكرى قورالى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى ۋە تەشكىلىي نىزامنامىسىدە پارتىيە ئورگان گېزىتى پارتىيىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇشى، ئۇنىڭ پوزىتسىيىسى پارتىيە پروگراممىسىغا قەتئىي ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

گېرمانىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى 19 - ئەسىرنىڭ 70 - يىللىرىدىن

كېيىنكى بىر نەچچە قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدە پارتىيىنىڭ ئورگان گېزىتى پرىنسىپال مەسىلىلەردە پارتىيە بىلەن چوقۇم بىردەك بولۇشى، تاكتىكىغا تەئەللۇق مەسىلىلەردە پارتىيىنىڭ ئىجرائىيە كومىتېتىغا بويسۇنۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

ماركس، ئېنگېلسلەر ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: پارتىيە ئورگان گېزىتى — پارتىيىنىڭ قورالى، پارتىيىنىڭ بايرىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى «پارتىيە گېزىتى»نى مەلۇم شەكىل ئارقىلىق نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.»

ماركس، ئېنگېلسلار پارتىيىنىڭ ئۆز گېزىتىگە بولغان تەشكىلىي جەھەتتىكى رەھبەرلىكىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن چاغدا، پارتىيىنىڭ ئۆز گېزىتىگە بولغان نازارىتى ۋە رەھبەرلىكىدە ئەڭ مۇھىمى «مەنىۋى جەھەتتىكى تەسىرى»ـئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتكەن. مەنىۋى جەھەتتىكى تەسىرى ئەمەلىيەتتە، ئىدىيە جەھەتتىكى يېتەكچىلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەتبۇئات پائالىيىتىدە مۇنداق مەنىۋى تەسىرنى كۆپىنچە مۇنداق تۆت يول بىلەن سىڭدۈرگەن.

1. پارتىيىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرىغا ماقالە يېزىش، ۋە ئۇلارنى ئىلمىي بايانلار بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق گېزىت - ژۇرناللارنىڭ تەشۋىقات فاكچېيىغا تەسىر كۆرسىتىش؛

2. گېزىت - ژۇرنال تەھرىرلىرى بىلەن خەت يېزىشىپ، سۆزلىشىپ تۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ گېزىت - ژۇرنال چىقىرىش يۆنىلىشىنى توغرىلىشىغا ياردەم بېرىش؛

3. گېزىت خىزمىتىدىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى تەنقىد قىلىش؛

4. گېزىت - ژۇرناللارغا مۇنەۋۋەر تەھرىرلەرنى، ئاپتورلارنى ۋە ئىختىيارىي مۇخبىرلارنى تونۇشتۇرۇپ، تەھرىر بۆلۈمى خادىملىرىنى تولۇقلاپ ۋە تەرتىپكە سېلىپ، تەھرىرلىك ئورنىنى مۇنەۋۋەر ئىختىساس ئىگىلىرىگە ئىگىلىتىش.

يۇقىرىقى بايان ۋە ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماركس، ئېنگېلسلەر پارتىيە گېزىت - ژۇرناللىرىنىڭ پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ جامائەت پىكرى قورالى بولۇشىنى، پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ، دېموكراتىك رەھبەرلىكى ئاستىدا بولۇشىنى، پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئاساسەن پارتىيىنىڭ مەنىۋى تەسىرى، يەنى ئىدىيە جەھەتتىكى يېتەكچىلىكى ئارقىلىق ئەمەلگە ئېشىشىنى تەشەببۇس قىلغان.

## 2

ماركس، ئېنگېلسلار پارتىيە گېزىتى مۇنداق ئۈچ شەرەپلىك ھەم جاپالىق ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى لازىم دەپ ھېسابلىغان:

1. پارتىيىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى شەرھلەش.

پارتىيىنىڭ پروگراممىسى — پارتىيە گېزىتىنىڭ جېنى. ماركس، ئېنگېلسلار پارتىيىنىڭ بىر نەچچە خىل مەتبۇئاتى ئىچىدە «پارتىيىگە زۆرۈرى، ھەممىدىن ئاۋۋال، سىياسىي خاراكتېرلىك ئورگان گېزىت»، يەنى ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ پروگراممىسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان، پارتىيە بايرىقىنى كۆتۈرۈپ ئىل-

گەردىلەيدىغان گېزىت دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلار يەنە كەسكىن ھالدا كىمكى پارتىيە بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرمەسە، ئۇ پارتىيە گېزىتىنىڭ تەھرىرلىكىدىن ئىبارەت ئالاھىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرالمايدۇ، دەپ كۆرسەتكەن.

پارتىيىنىڭ پروگراممىسىنى قانداق شەرھلەش كېرەك؟ ئۇلار مۇھىمى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈش، ئاددىي ھالدا ماددىمۇ ماددا ئىش كۆرمەسلىك لازىم دەپ ھېسابلىغان. ئېنگېلس مۇنداق كۆرسەتكەن: پارتىيە گېزىتىنىڭ ھەر بىر خادىمى ئۇلچۇن ئېيتقاندا، ئۇلار كونا نىزامنى مېخانىك ھالدا ئاساس قىلماستىن، مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئىش كۆرۈشى، پارتىيىنىڭ مەركىزى ۋە كۈرەشنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ پارتىيىنىڭ گېزىت- ژۇرناللىرىدا تەھرىرلىك قىلىدىغان كىشىلەرمۇ كۈرەش شارائىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ، ئەتراپتىكى ئامىنىڭ شەيئى (ۋەقە) توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ئىگىلەپ، پارتىيىنىڭ پروگراممىسىنى ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ مۇۋاپىق شەرھلىشى كېرەك.

ماركس، ئېنگېلسلەر يەنە كۈرەش تاكتىكىسى ۋە تەشۋىقات سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

قىسقىسى، پارتىيە گېزىتى پارتىيىنىڭ سىياسىي پروگراممىسىنى شەرھلەش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشتا سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم بولۇشى، بايرىقى روشەن بولۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغرا تاكتىكىسى بولۇشى، ماركس، ئېنگېلسلەرنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، كەپتەرگە ئوخشاش كۆيۈنۈك بولۇشى، يىلانغا ئوخشاش چاققان بولۇشى لازىم.

2. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى نازارەت قىلىش.

ماركس- ئېنگېلسلەر مەتبۇئاتنىڭ تەنقىد رولىغا ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار دەسلەپكى مەزگىلدە تەنقىد ئۈستىدە توختالغان چاغدا، تەنقىدنىڭ تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە ئەكسىيەتچىل دائىرىلەرگە قاراتقان؛ كېيىن بولسا بۇرژۇئازىيە ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىدىكى ئاغمىچىلىق پىكىر ئېقىمىنى ئۆز تەنقىدىنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى قىلغان؛ پارتىيە گېزىتىنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ئۈستىدە توختالغاندا بولسا، پارتىيە گېزىتىدىن ئەكسىيەتچى دائىرىلەرنى پاش قىلىش ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىشنى ئىزچىل تەلەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇقتىملىق ھالدا، پارتىيە رەھبەرلىرىنى نازارەت قىلىش، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلىشنى پارتىيە گېزىتى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىشى كېرەك دەپ كۆرسەتكەن ھەمدە مۇنداق ئاشكارا تەنقىدنى ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ ھاياتىدىكى مۇھىم ئامىل. پارتىيىنىڭ مۇستەھكەملىنىشى، زورىيىشى، كۈچىيىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى دەپ ھېسابلىغان.

3. ئىشچىلارنى ئىلمىي قائىدىلەر بىلەن قوراللاندۇرۇش.

ماركس- ئېنگېلسلەر ئىلمىي قائىدىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، نەزەرىيە كۈرىشى ئېلىپ بېرىشنى پارتىيە گېزىتىنىڭ مۇھىم بۇرچى دەپ ھېسابلىغان.

شۇڭا، ئۇلار مۇنداق كۆرسەتكەن: بىرىنچىدىن، نەزەرىيە تەشۋىقاتىنىڭ ئىلمىيلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. نەزەرىيىنىڭ ئىلمىيلىقى نەزەرىيە تەشۋىقاتى ئىلمىيلىقىنىڭ شەرتى، ئالدىنقىسىنىڭ

توغرىلىقى پارتىيىنىڭ ئورگىنى ياكى پارتىيە قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن ئەمەس، ئىلمىي قائىدىلەر بىلەن ھەقىقەتلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

ئىككىنچىدىن، نەزەرىيە تەشۋىقاتىدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىلمىي قائىدىلەرنى ئەندىزىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنداق قىلىشقا قارشى تۇرۇش لازىم. روسىيىلىك بىر نەزەرىيىچى بىر ژۇرنالدا «كاپىتال»دىكى نۇقتىئىنەزەرلەرنى تونۇشتۇرغاندا ماركسنىڭ غەرب كاپىتالىزمىنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ كونكرېت يولى ئۈستىدىكى تەھلىلىنى ئۆلۈك ھالدا روسىيىگە كۆچۈرگەن. ماركس بۇنىڭدىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ئۇ مەندىن ئەپۇ سورىشى كېرەك، ئۇنىڭ مۇنداق قىلغىنى ماڭا زىيادە شان - شەرەپ كەلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭا زىيادە ئاھانەت كەلتۈرىدۇ، دەپ تەنقىد قىلغان.

ئۈچىنچىدىن، ئۇلار يەنە ژۇرنالنىڭ نەزەرىيە تەشۋىقاتى ۋە نەزەرىيە كۈرىشىدىكى ئەۋزەللىكىگە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيىنىڭ نەزەرىيە ژۇرنىلىنى تىرىشىپ ياخشى چىقىرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ماركس، ئېنگېلسلار ئادەتتىكى گېزىت - ژۇرناللارنىڭ رولى ئۈستىدە توختالغاندا، گېزىت - ژۇرناللارنىڭ خەۋەر تارقىتىش جامائەت پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى رولىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، پارتىيىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى ئۈستىدە توختالغاندا بولسا، ئاساسەن يۇقىرىقى ئۈچ جەھەتتىن گېزىت - ژۇرناللارنىڭ ئىجتىمائىي بۇرچى ئۈستىدە ئالاھىدە پىكىر بايان قىلغان، بۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب پارتىيە گېزىتىنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي رولى ۋە تارىخىي بۇرچى بولغانلىقىدىندۇر.

## 3

دىئالېكتىكا ئۇستازى ۋە پرولېتارىيات ئاكتىپچىلىرى بولغان ماركس، ئېنگېلسلار مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەزەلدىن ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزەتتى ۋە ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئىلمىي بىر تەرەپ قىلاتتى. ئۇلار پارتىيە گېزىتىنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ سىياسىي مەركىزى ۋە ئىدىيىۋى مەركىزى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ قورالى، بايرىقى، كۆز - قۇلىقى، تىلى دەپ كۆرسىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيە گېزىتىنىڭ ئاممىنىڭ جامائەت پىكرى قورالى ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتكەن؛ ئۇلار پارتىيە گېزىتى خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيە گېزىتى خادىملىرىنىڭ مۇستەقىل ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيە گېزىتى خادىملىرىنىڭ ئىجادچانلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كۆيۈنۈش، ئۇلارنى ئەركىن ئىدىيىۋى خىزمەت خادىملىرىغا ئايلاندۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسەتكەن. ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەشەببۇسلىرىنى مۇنداق بىرنەچچە تەرەپكە يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1. پارتىيە گېزىتى خادىملىرىنىڭ خاسلىقىغا، ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىقىنى باسىدىغان ھەر قانداق تەدبىرنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ؛

2. پارتىيە ئىچىدىكى تەنقىد ۋە ئاخبارات تەنقىدچىلىكى پارتىيە گېزىتى خا-

دەملىرىنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى، پارتىيىنىڭ ئەخلاقى دائىرىسىدە بولىدۇ، مۇنداق تەنقىد چەكلەنمەيدۇ؛

3. شەكىل جەھەتتە مۇستەقىل بولغان پارتىيە مەتبۇئاتى—پارتىيە ئىچىدە سۆز ئەركىنلىكى، مەتبۇئات ئەركىنلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى؛

4. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ۋە داھىيلىرى ئەھۋالغا قاراپ يېتەكلەش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، دۆلەت ئەھۋالى، پارتىيىۋىلىك جەمئىيەتلەردىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، جامائەت پىكىرى پەيدا قىلىش خىزمىتىگە ئىلمىي يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم.

ماركس، ئېنگېلسلار يۇقىرىقى تەشەببۇسلارنى گېرمانىيىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋالىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان، ئەلۋەتتە. ئەينى ۋاقىتتا گېرمانىيە پارتىيىسىدە، بولۇپمۇ بۇ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك گورۇھىدا ئوڭ ئاقىمچى كۈچلەر ئىنتايىن كۈچلۈك ئىدى. ئېنگېلس مۇشۇنداق ئەھۋالدا پارتىيە گېزىتىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشىغا ئوڭ قاناتلارغا قارشى كۈرەشتە پارتىيە گېزىتىنىڭ ھەقىقىي پرولېتارىيات خاراكتېرىنى ساقلاشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن.

ئاز كەم 100 يىللىق ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ پارتىيە گېزىتىنىڭ پارتىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى توغرا، ئۇلار كۆپ باش قاتۇرغان پارتىيە گېزىتى مېخانىزمى ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتى ئاخبارات خىزمىتى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن. بۇلار ھەرقايسى ئەللەردىكى پارتىيە گېزىتلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن مەلۇم يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

(ئاخىرى بار)

## ئاخبارات ساھەسىدىكى دەۋا ئىشلىرىدا پاكىت بولسىلا سوت مەھكىمىسى دېلو تۇرغۇزسا بولىدۇ

مەشھۇر قانۇنشۇناس ساۋمەنجى گېزىتلەر خاتا خەۋەر ئېلان قىلسا، چوقۇم مۇشتەرىلارنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، دېگەنىدى. ئەگەر خەۋەر يالغان بولسا دەرھال تۈزىتىش بېرىشى كېرەك. لېكىن ھاپىلا-شاپىلا تۆھمەت چاپلاشقا، ئابرويىنى تۆكۈشكە بولمايدۇ. ئاخبارات ساھەسىدىكى دەۋالارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ بۇ ھەقتە ساۋمەنجى ئاخبارات ساھەسى جامائەت پىكىرى نازارەتچىلىكى يۈنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. ئاممىنىڭ ۋاستىسى بولغان ئاخبارات خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىرىنى ۋەكالىتەن ئېلان قىلىدۇ. ئۇ، تەنقىدىي پىكىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دېگەنىدى. جۇڭگو قانۇنچىلىقى تېخى مۇكەممەللەشمىگەن شارائىتتا، ئاخبارات دەۋا ئىشلىرى ياكى باشقا دەۋا ئىشلىرىدا دەۋاگەر پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويالىسىلا سوت مەھكىمىسى دېلو تۇرغۇزسا بولىدۇ. ئەگەر ئەرزدە تۆھمەت كۆرۈلسە، ئەرز قىلغۇچىغا گۇناھ قويۇشقا بولمايدۇ.

(«ئاخبارات دۇنياسى»دىن ئېلىندى)

# ئاخبارات قوراللىرىنىڭ پارتىيىنىڭ تىلى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرايلى

ئالىم مەخمۇت

پرولېتارىيات ئاخبارات قوراللىرى پارتىيىنىڭ تىلى، شۇنداقلا ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ تىلى. بۇ قېتىمقى پايتەختتە يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى، مالىمانچىلىق، ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ مەزگىللىرىدە كۆپلىگەن ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاخبارات خىزمەتچىلىرى مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ھالدا تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە، مالىمانچىلىققا قارشى تەشۋىقات - خەۋەر قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى تەربىيىلەش، دۈشمەننىڭ سۇيىقەستىنى پاش قىلىش، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ يامراپ كېتىشىنى چەكلەش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىنىڭ پارتىيىنىڭ كۆزقۇلىقى ۋە تىلى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇردى. لېكىن، يەنە بىر قىسىم ئاخبارات ئورۇنلىرى ۋە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاخبارات خىزمەتچىلىرى ئۇنداق قىلالمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەربىيىلىنىشنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى، بولۇپمۇ سىياسىي تەربىيىلىنىشنىڭ يېتەرسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، تۇساتتىن چىققان «شامال»نىڭ يۆنىلىشىنى ۋە ماھىيىتىنى پەرق ئېتەلمەي، بىر ئوچۇم ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇۋلىغان مۇقامىغا دوست تارتىشىپ بەرگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى، ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان تەربىيىلىنىشنى قوبۇل قىلماي، ئۆز مەيدانىنى يوقىتىپ، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈش مەيدانىدا تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى جۇڭگوغا، سوتسىيالىزمغا، كوممۇنىزمغا قارشى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ قويىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، سوتسىيالىستىك ئاخبارات جىنىدىسىنى، بۇرژۇئازىچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىب قىلىدىغان، پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا ھۇجۇم قىلىدىغان بازىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. خەلقنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئۇلار كومپارتىيە بەرگەن داننى يەپ، بۇرژۇئازىيىگە تۇخۇم تۇغۇپ بەردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، پايتەختتىكى مالىمانچىلىق، ئاخبارات ئەركىنلىكى «ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىش» دېگەن نىقاپ ئاستىدا ھەدەپ يەل بېرىش ئارقىلىق، ناھايىتى تېزلىكتە پۈتۈن مەملىكەتكە يامراپ كەتتى.

يۇقىرىقى ئەھۋاللاردىن بىز شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، پرولېتارىيات ئاخباراتچىلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن مەيدان مەسىلىسىنى ئوبدان ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى تۇرغان مەيدان ئوخشاش بولمىسا، شەيئىلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۇنى چۈشىنىشتىمۇ ماھىيەتلىك پەرق بولىدۇ. مەيداننىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن «ئاخبارات ئەركىنلىكى» ۋە «ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىش» دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدىكى چۈشەنچىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. «ئاخبارات ئەركىنلىكى» مەلۇم بىر سىياسىي مايىللىق

ئەرپەدىن ئىزگىنلىنىپ تۇرىدىغان ئەركىنلىك، «ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىش» دېگەنمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ئىش. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسىپ ئېيتالايمىزكى، ئاخباراتتا مۇتلەق ئەركىنلىك بولمايدۇ. «ئەركىنلىك» دېۋالغان سۆزنىڭ كەينىگە ھامان بىر سىياسىي مۇددىئا ياكى سىياسىي كۆز قاراش يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مەسىلەن: ھەرقانداق بىر مۇخبىرنىڭ زىيارەت قىلىپ يازغان خەۋىرى ياكى باشقا ئاخبارات ئەسەرلىرىنى ئالساق، ئۇ ھامان ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ بىرلەشمە مەھسۇلى، يەنى «ئوبيېكتىپ پاكىتنىڭ» ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ مايىللىقى ياكى دۇنيا قارىشى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىلغان مەھسۇلاتى بولىدۇ. دېمەك «ئەركىنلىك» دېيىلسە، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ مايىللىقى بويىچە پىششىقلاپ ئىشلىشىگە يول قويۇلغانلىقى ئەڭ زور ئەركىنلىك ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسىلا بىر خىل سىياسىي مۇددىئادىن ئۆزىنى قاچۇرالمايدۇ. يەنە مەسىلەن: «ئامېرىكا ئاۋازى» قاتارلىق ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ پايتەختتە يۈز بەرگەن مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي قوپاللىقنى خالىغانچە بۇرمىلاپ خەۋەر قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ «ئاخبارات ئەركىنلىكى» ياكى «ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىشى» ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ كەينىگە ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى يوشۇرۇنغان، ئۇ بولسىمۇ سوتسىيالىستىك جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىنى ھېلىقى باتۇرلار چۈشەنمەيدۇ ئەمەس، بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئۇلارنىڭ ئۆز مەيدانىنى يوقىتىپ، قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدە، خالاس.

ئاخبارات—سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك خىزمەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئاخبارات خىزمەتچىلىرىنىڭ بىر قەدەر يۇقىرى سىياسىي سەۋىيىلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاخبارات خىزمەتچىسى بولغان كىشى بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئالدى بىلەن سىياسىي - ئىدىيە جەھەتتىن تەربىيىلىشى لازىم. ھازىرقى شارائىتتىن ئېيتقاندا، ئاخبارات خىزمىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مۇھىمى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن تەربىيىلىشى لازىم.

بىرىنچى، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىم. ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش—تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ ئالدىنقى شەرتى. دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ئۇ پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىتى. شۇنداقلا پارتىيىنىڭ، خەلقنىڭ، سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ چوڭ سىياسىتى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ياكى تۇرالماسلىق، ھەربىر ئاخبارات خادىمىنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلىنىشىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم.

ئىككىنچى، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولۇش لازىم. بۇ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە سىياسىي كۆز قارىشىنى قەتئىي تەۋرەنمەي تەشۋىق قىلىش لازىم دېگەنلىك بولىدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللانغان «پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا

دائىر بىر قانچە مىزان»دا: «پارتىيىنىڭ گېزىت - ژۇرناللىرى پارتىيىنىڭ لوشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە سىياسىي كۆز قاراشلىرىنى شەرتسىز تەشۋىق قىلىشى كېرەك. مەركىزىي كومىتېت قارار قىلغان زور سىياسىي خاراكتېرلىك نەزەرىيە ۋە سىياسەت مەسىلىلىرىدە قارىتا پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پىكرى بولسا، مۇئەييەن تەشكىلىي تەرتىپ ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويسا بولىدۇ، لېكىن گېزىت - رادىئولاردىكى ئاشكارە تەشۋىقاتتا مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارارىغا زىت بولغان گەپ - سۆزلەرنى ئېلان قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ؛ پارتىيىنىڭ لوشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى قارارىغا زىت بولغان پىكىرلەرنى ئاممىغا ئىچىدە تارقىتىشقا بولمايدۇ. بۇ پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى». دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن. بۇ ئىنتىزامغا ئەمەل قىلىش - قىلماسلىق، پارتىيىنىڭ ئاخبارات خادىملىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پارتىيىۋىلىك مەسىلىسى بولىدۇ، شۇڭا ئۇنى نەمۇنىلىك ئىجرا قىلىش لازىم. پارتىيە ئەزاسى بولمىغان ئاخبارات خىزمەتچىلىرىمۇ ئۆزىنى مۇشۇ ئىنتىزام بويىچە ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، سىياسىي جەھەتتە سەزگۈر بولۇش، تېز ئىنكاس قايتۇرالايدىغان بولۇش، دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي شامالنىڭ يۆنىلىشىنى پەرق ئېتەلەيدىغان بولۇپلا قالماي، خەلقئارادىكى سىياسىي شامالنىڭ يۆنىلىشىنىمۇ ئېنىق ئايرىيالايدىغان بولۇش سىياسىي جەھەتتە يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇش لازىم، پارتىيىنىڭ ئاخبارات خادىملىرىنىڭ سەگەك سىياسىي كاللىسى بولۇشى، ئۆزىگە پرولېتارىيات سىياسىئونلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە تەلەپ قويۇپ، ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆرۈشى تەلەپ قىلىنىدۇ.

تۆتىنچى، پارتىيە ۋە خەلق مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ جامائەت پىكرىنى يېتەكلىشى ئاخباراتنىڭ پارتىيىۋىلىك ۋە چىنلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم.

ئۇنىڭدىن قالسا، ئاخبارات خادىملىرى يەنە كەسپىي ۋە ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى لازىم. مۇشۇ تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىغاندىلا ئاندىن بىر ياخشى ئاخبارات خادىمى، ئىسمى جىسمىغا لايىق «پارتىيىنىڭ تىلى، كۆز- قۇلىقى» بولغىلى بولىدۇ.

## تەيۋەن رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

تەيۋەندە جۇڭگو رادىئو شىركىتى (CCB) دىن باشقا يەنە ھەربىيلەر باشقۇرۇشىدىكى رادىئو ئىدارىسى ۋە سودا رادىئو ئىدارىسى بولۇپ 30 چە رادىئو ئىدارىسى بار. رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ھەممىسى پۈتۈن كۈنلۈك (24 سائەت تولۇق ئاڭلىتىش بېرىدىغان) رادىئو ئىستانسىسى بولۇپ، ئاساسەن خەنزۇ، بورتاق تىلى، گۇاڭدۇڭ شىۋىسى ۋە فۇجيەن شىۋىسىدە ئاڭلىتىش بېرىدۇ.

تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن ئۈچى بار، بۇنىڭ بىرى يېرىم ھۆكۈمەت، يېرىم خەلق باشقۇرۇشىدىكى جۇڭخۇا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (CTS)، بىرى سودا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى- جۇڭگو تېلېۋىزىيە شىركىتى (CTV)، يەنە بىرى، تەيۋەن تېلېۋىزىيە شىركىتى (TTV).

(«مۇخبىرلار بۆشۈكى»دىن ئېلىندى)

# ئاخبارات خىزمىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، رادىئو - تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنى ياخشى ئىشلەيلى

ئوبۇلقاسىم غوجەخمەت

بۇ قېتىمقى ئوقۇغۇچىلار دولقۇنى مالى-
مانچىلىققا، ئاخىرى ئەكسىلئىنقىلابىي تو-
پىلاڭغا ئۆزگىرىپ، بەزىگە ناھايىتى زور زى-
يان سالدى. بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە
ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ يۈز بېرىشىگە
تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا ئىزچىل چىڭ
تۇرۇلمىغانلىق، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش-
نىڭ ئېغىر دەرىجىدە يامراپ كەتكەنلىكى
تۈپ سەۋەب بولدى. بىز بۇ قېتىمقى ۋەقە
ئارقىلىق بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنىڭ
پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىش ۋە ئۇنىڭغا
قارشى تۇرۇش، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى ئىنكار
قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش، جۇڭگودا
كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈپ، سوتسىيالىستىك
جۇڭگونى غەربنىڭ بېقىندىسىغا ئايلاندۇ-
رۇشنى مەقسەت قىلغان ئىنتايىن خەۋپلىك
ئىجتىمائىي سىياسىي پىكىر ئېقىمى ئىكەن-
لىكىنى ئېنىق تونۇۋالدۇق. ئاخبارات ساھە-
سى مۇشۇنداق پىكىر ئېقىمىنىڭ ھۇجۇمىغا
ئۇچرىغان ئاپەت رايونلىرىنىڭ بىرى. «مالى-
مانچىلىق ئىچىدە ئوتتۇرىغا چىققان «ئاخبا-
رات ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دېگەن
شوئار ئالاھىدە ئوت قويۇرۇقلۇق رولىنى ئوي-
نىغان ئاساسلىق شوئارلارنىڭ بىرى. شۇنىڭ
بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلار دولقۇنىنىڭ
مالىمانچىلىققا ئۆزگىرىشى، مالىمانچىلىقتىن
ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭغا ئۆزگىرىشىدىن
ئىبارەت بىر پۈتۈن جەريانىدا، ئاخبارات-جا-
مائەت پىكىرى ساھەسىنىڭ ئوينىغان رولى
كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت-ئېتىبارىنى
قوزغىدى ۋە كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سال-
دى. بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ پۈتۈن جەريانىدا،
ئاخبارات، جامائەت پىكىرى ھەقىقەتەن مۇھىم
يولباشلىغۇچىلىق رولىنى ئوينىدى. يولداش
جياڭ زېمىننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا،
«تەشۋىقات سېپىنىڭ ئاھۋالى ئومۇمەن قى-
لىپ ئېيتقاندا ياخشى، لېكىن ئۇنىڭدا بۇر-
ژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېغىر دەرىجىدە
يامراپ كېتىش مەسىلىسىمۇ ئۆزىنى كۆرسەت-
تى.» يولداش لى پېڭ مۇنداق دەپ كۆرسى-
تىپ ئۆتتى: «بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقنى
ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجىتىش
كۈرىشىدە، پايتەختتىكى جامائەت پىكىرى
ئورۇنلىرى پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگەماس-
لىشىپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.
بولۇپمۇ بىر نەچچە ئاخبارات ئورنىنىڭ
مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن بولۇپ،
ناھايىتى ياخشى رول ئوينىدى؛ لېكىن،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئازسانلىق
يولداشلار ئاخبارات خىزمىتىگە خاتا يېتەك-
چىلىك قىلىپ، پارتىيە مەيدانىدىن چەتلەپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەزى ئاخبارات ئورۇن-
لىرى بۇ قېتىمقى كۈرەشتەجامائەت پىكىرىنى
خاتا يۆنىلىشكە باشلاپ ماڭدى.» ئاپتونوم
رايونىمىزدىكى ئاخبارات ئورۇنلىرى بۇ
قېتىمقى پايتەختتە يۈز بەرگەن مالىمانچى-
لىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنى تىنجى-
تىش كۈرىشىدە ھەمدە ئۈرۈمچىدە يۈز بەرگەن
«19- ماي» ۋەقەسىنى تىنجىتىش كۈرىشىدە،
بايرىقى روشەن ھالدا، پارتىيە مەركىزىي

كومىتېتى بىلەن، جۈملىدىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن بىردەكلىكنى ساقلاپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىنىچ-ئىتتىپاق سىياسىي ۋەزىيىتىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەشتە مۇھىم رول ئوينىدى. لېكىن شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىقتا ئاخبارات سېپىمىزدىكى بەزى كىشىلەردە تەۋرىنىش بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، شىنجاڭنىڭ ئاخبارات سېپىدە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاخبارات سېپىگە ئوخشاش، غەربنىڭ ئاتالمىش «ئاخبارات ئەركىنلىكى» سەپسەتىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاخباراتنىڭ پارتىيىۋىلىكىدىن گۇمانلىنىدىغان، ئاخباراتنىڭ پارتىيىنىڭ تىلى بولۇشتىن ئىبارەت تۈپ رولىدىن گۇمانلىنىدىغان مۇجمەل كۆز قاراشلارمۇ مەۋجۇت بولدى. ئىككى ئايغا يېقىن داۋاملاشقان قالايمىقانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ گەرچە تىنجىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىزگە بەرگەن ئاچچىق ساۋاقلىرى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى، جۈملىدىن بىز ئاخبارات سېپىدىكىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قويمايدۇ. «بۇ قېتىمقى ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلاپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ، بىز ئۆتمۈشنى شۇقىدالا كەلگۈسىنىمۇ ناھايىتى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلاپ كۆرۈشىمىز لازىم.»

نېمە ئۈچۈن بۇ قېتىمقى ۋەقە جەريانىدا بەزى ئاخبارات ئورۇنلىرى توغرا سىياسىي يۆنىلىشتىن ئادىشىپ قالدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇزۇندىن بۇيان ئاخبارات قوشۇنىمىزدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىمى يامراپ كەتتى. ئىدىيىۋى ساھەدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىمى كۈندىن-كۈنگە ئۇلغىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، ئاخبارات ساھەسىنىڭ ھاۋاسىمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاندى.

بۇلغىنىش ئالدى بىلەن پارتىيىۋىلىك بىلەن خەلقچىللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىدىن باشلاندى. ئەزەلدىن پارتىيە گېزىتى ئاساسىي گەۋدە بولۇپ كەلگەن، ئەزەلدىن پارتىيە گېزىتلىرى پارتىيىنىڭ تىلى، كۆزى، قۇلىقى بولۇپ كەلگەن، ئەزەلدىن پارتىيە گېزىتى پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، يۆنىلىش، سىياسەتلىرىنى توغرا، ئومۇمىيۈزلۈك، تولۇق، ئۆز ۋاقتىدا تەشۋىق قىلىپ كەلگەن، ئەزەلدىن پارتىيە گېزىتى خالىغانچە ئۆز تەشەببۇسى بويىچە ئىش كۆرمىگەن، مۇستەقىللىق داۋاسى قىلمىغان ئىدى. لېكىن بەزى كىشىلەر مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ساۋاقلىرىنى ۋە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن بۇرۇنقى سولچىللىق خاتالىقىنىڭ ساۋاقلىرىنى خاتا ھالدا يەكۈنلەپ، ئاخباراتنىڭ خەلقچىللىقى ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىكىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «پارتىيىۋىلىكتە چىڭ تۇرسا، ئاسان خاتالىشىدۇ، خەلقچىللىقتا چىڭ تۇرسا خاتالاشمايدۇ» دېيىشتى. بەزى كىشىلەر ئويلىشىپ كۆرمەيلا بۇنداق خاتا كۆز قاراشنى قوبۇل قىلىپ، پارتىيىنىڭ تىلى بولماسلىق تەتۈر شامىلىنى چىقاردى. مانا بۇ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئېقىمىنىڭ ئاخبارات ساھەسىدە يامراپ كېتىشىنىڭ ئاساسلىق نەزەرىيىۋى ئاساسى ھەمدە بۇ قېتىمقى مالىمانچىلىق ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ داۋامىدا، مەلۇم ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ يۆنىلىش خاتالىقى ئۆتكۈزۈشىدىكى ئىدىيىۋى ئاساس.

ئەينى ۋاقىتتا بىر مۇنچە يولداشلار بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ، ئۇنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاز سانلىق كىشىلەر بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش كۆز قارىشىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، 1981-يىل 1-ئاي-

ئىنىڭ 29-كۈنى گېزىت- ژۇرنال خەۋەرچىلىكى
ۋە رادىئو تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىنىڭ يۆنى-
لىشى توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، تۆت ئا-
ساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى ئالاھىدە
تەكىتلىدى. تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا خى-
لاپ ھەر خىل خاتا ئىدىيىلەرنى
تەنقىدلىدى. پارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىپ،
مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئۆتمۈشتىكى خا-
تالىقلىرىنى بانا قىلىپ، نۆۋەتتىكى مەركە-
زىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇن-
مايدىغان خاتا خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش،
تەشۋىقات ئىنتىزامىنى كۈچەيتىش زۆرۈرلۈ-
كىنى تەكىتلىدى، شۇنداقلا مەركەزنىڭ قا-
رارىغا خىلاپلىق قىلىشقا، ئۆز مەيلىچە
ئىش كۆرۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى
ئېنىق ئۇقتۇردى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، سى-
ياسىي قۇرۇلما ئىسلاھاتىنىڭ مۇھىم بىر
تەشكىلىي قىسمى بولغان ئاخبارات ئىسلاھا-
تىدىمۇ مەلۇم پايدىلىق ئىزدىنىشلەر بولدى.
لېكىن، ئىسلاھات دولقۇنى ئىچىدە ئاخبا-
راتنىڭ پارتىيىۋىلىكىدە چىڭ تۇرۇشقا قار-
شى تۇرغان ئاز سانلىق كىشىلەر يەنە قاي-
تىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاخبارات
ئىسلاھاتىنى غەنىمەت پۇرسەت بىلىپ بۇر-
ژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشنى تەرغىپ قىلدى.
ئۇلار غەرب بۇرژۇئازىسىنىڭ بىر مۇنچە ئاخ-
بارات نەزەرىيىسىنى ئىمپورت قىلىپ، ئا-
تالمىش «ئاخبارات ئەركىنلىكى»نى ھەدەپ
بازارغا سېلىپ، ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ پار-
تىيىۋىلىكىنى، سىنىپىيلىكىنى يوققا چىقار-
دى. بۇنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ئاخبارات
ساھەسىدىكى بىر مۇنچە ئورۇنلار-
نىڭ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش
ئاۋازى پەسىيىپ كەتتى، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېت بىلەن بىردەك بولۇش پرىنسىپىغا
ئەمەل قىلىش ئاڭلىقلىقى ئاجىزلاپ كەتتى،
ئاخبارات ئىشلىرىنىڭ پرولېتارىيات پارتى-
يىۋىلىك پرىنسىپى دوگمىچىلىق دەپ قارال-
دى، ئاخبارات خادىملىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەس-
ئۇلىيەتچانلىقى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى
ۋە ماددىي مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت
تارىخىي بۇرچىغا بولغان تونۇشى ئاجىزلاپ
كەتتى. ھەممىيلەنگە مەلۇمكى، بۇ قېتىمقى
ۋەقە جەريانىدا، بەزى خەۋەرلەر قارىماققا
ناھايىتى ئوبيېكتىپ كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمە-
لىيەتتە روشەن خاھىشقا ئىگە بولۇپ،
ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى يامان بولدى.
ۋاھالەنكى، بەزى پاكىتلارنىڭ ھەقىقىي قىيا-
پىتى پىتنە- ئىغۋالار بىلەن يېپىلىپ قېلىپ،
ئاممىنىڭ ئىدىيىسىدە بىرمۇنچە گۇمانلار
پەيدا بولغان ھەتتا ھېسسىيات جەھەتتە،
تونۇش جەھەتتە، پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە ئار-
مىيىدىن خېلىلا يىرىق بولۇپ قالغان چاغلاردا،
بىزدە ئاممىنىڭ ھەق-ناھەقنى ئايرىۋېلىشى-
غا، ئىدىيە ۋە تونۇش مەسىلىسىنى ھەل قى-
لىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان، قايىل قىلىش كۈ-
چىگە ئىگە خەۋەرلەر بەكمۇ كەم بول-
دى. سىرتقا قارىتىلغان تەشۋىقاتتا، ئۇشتۇم-
تۇت يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنى قانداق قىلىپ
ياخشى خەۋەر قىلىش جەھەتتە، اكتىۋاللى-
قىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىمىز تۈپەي-
لىدىن، ئاتالمىش «تيەنئەنمېن مەيدانى قان
بىلەن بويالدى» دېگەن يالغان خەۋەر پۈتۈن
دۇنياغا پۇر كەتكەن چاغدا، بىزنىڭ توغرا
خەۋەرلىرىمىز ئۈستۈنلۈككە ئېرىشەلمىدى.
بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، «ئامېرىكا ئاۋازى»
قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرى پۈتۈن ۋەقە
جەريانىدا، ھېچبىر ئەيمەنمەستىن، ئىزچىل
تۈردە پىتنە-ئىغۋا توقۇش ۋاستىسىنى قول-

لىنىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋە جۇڭگو خەلقىگە ھاقارەت قىلىندى. ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا قاتلامدىكى ئاممىنى ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇتراتتى. كىشىلەرنى قايمۇقتۇرىدىغان مۇشۇنداق ئېزىتقۇ تەشۋىقاتلارغا قارىتا، بىز يەنىلا كۈچلۈك قايتۇرما زەربە بېرەلمىدۇق. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگودىكى سوتسىيالىستىك ئاخبارات خادىملىرىنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ.

بىز شۇغۇللىنىۋاتقان ئاخبارات ئىشلىرى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى پرولېتارىيات سىنىپىغا مەنسۇپ بولغان سوتسىيالىستىك ئاخبارات ئىشلىرى بولغاچقا، ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلەپ بەرگەن توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش شەرت، ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا، نۆۋەتتىكى ئاخبارات خىزمىتىمىزنىڭ توغرا يۆنىلىشى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېقىندا قىلغان بىر سۆزىدە، مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتى: تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا خاتالىق يوق، ئەگەر خاتالىق كۆرۈلدى دېيىدىغان بولساق، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش دېگەندەك ئىزچىل بولمىدى، ئۇنى تۈپ ئىدىيە قىلىپ خەلققە، ئوقۇغۇچىلارغا، بارلىق كادىرلار ۋە پارتىيە ئەزالىرىغا تەربىيە ئېلىپ بېرىلمىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىزنىڭ ئاخبارات خىزمىتىمىزنىڭ يۆنىلىشىنى، شۇنداقلا بۇندىن كېيىن، ئاخبارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىزنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ بەردى دېمەك، ئاخبارات خىزمىتىدە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشىمىز، بۇ نۇقتىدا بايرىقىمىز چوقۇم روشەن بولۇشى، قىلچە مۇجمەللىشىپ قالماسلىقىمىز شەرت. بۇرۇن ئادەتلىنىپ قالغان. لېكىن ھازىرقى ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان نەرسىلەرنى تېزدىن ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. ئالدى بىلەن ئاخبارات قوشۇنىمىزنى تەرتىپكە سېلىپ، قوشۇنىمىزنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىشىمىز زۆرۈر. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پارتىيىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇشىمىز، چەت ئەللەرنىڭ، جۈملىدىن كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئاخبارات خىزمىتىدىكى بىزگە پايدىلىق بولغان تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىشىمىز ھەمدە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمىنىڭ چىرىتىشىدىن ھەزەر ئەيلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىشىمىز لازىم.

## خەلق ئارمىيىسى گېزىتىدىن تۆت كىشى يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخبارات ئۇنۋانى ئالدى

ئارمىيە بويىچە يۇقىرى دەرىجىلىك ئاخبارات كەسپىي تېخنىكا ئۇنۋانى باھالاش ھەيئىتىنىڭ باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق، لەنجۇ ھەربىي رايونى «خەلق ئارمىيىسى» گېزىتى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھوشۇر يۇنۇس داشياۋ باش تەھرىر؛ «خەلق ئارمىيىسى گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر باشقارمىسىدىكى ئېلى توختى شاڭشياۋ، قەھرىمان ئابلىز شاڭشياۋ ۋە ئېلى زاھىت شاڭشياۋلار كاندىدات باش تەھرىر ئۇنۋانى ئالدى.

قادىر

ئاخبارات ئوبزورچىلىقى

# ئاخبارات ئوبزورچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

ھېزىم قاسىم

ئاخبارات ئوبزورچىلىقى ئاخبارات خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئاخباراتچىلىق خىزمىتىدە يېتەكچىلىك رول ئوينايدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بىلەن ئاخبارات پاكىتى، رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ۋەقەلەر ۋە مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل ئاخبارات ئىلىمىدۇر. ئاخبارات ئوبزورچىلىقى مۇھەررىرلىك، مۇخبىرلىق خىزمىتىگە ئوخشاشلا كەڭ ئاممىۋىيلىققا، ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ مەيدانغا كېلىش زېمىنى يەنىلا ئاخبارات پاكىتى. ئاخبارات پاكىتى بولمىسا، ئاخبارات ئوبزورچىلىقىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

نېمە ئۈچۈن ئاخبارات پاكىتى ئاخبارات ئوبزورچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى زېمىن دەيمىز؟ بۇ مەسىلە توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى، ئاخبارات پاكىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاخبارات پاكىتى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە يۈز بەرگەن، مۇھىم سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە، تەشۋىقىي ۋە تەربىيىۋى قىممىتىنىڭ زورلۇقى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خەۋەردار بولۇپ قېلىشى ۋە بىلىپ قېلىشى بولغان ئەڭ يېڭى پاكىتتۇر.

كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە خۇسۇسىي تۇرمۇشىدا ھەمىشە دېگۈدەك ھېساپسىز يېڭى ۋەقە، ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇنداق ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىلا ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بولالمايدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە، ئىجابىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، يۈز بەرگەن ھادىسە ۋەقەنىڭ پارتىيىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت، فاڭجېنلىرىنىڭ روھىغا بولغان ئويغۇنلۇقى بىلەن ئالاھىدە يېڭى، ئىلغار، تەسىرلىك ھادىسىلەر، سەلبىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتىگە پايدىسىز، كىشىلەر ساۋاق ۋە ئىبرەت ئېلىشقا، دىققەت قىلىش ۋە ھەزەر ئەيلەشكە تېگىشلىك ھادىسىلەر ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە پاكىتلار بولۇپ، مۇنداق ھادىسە، پاكىتلار ئۆز قىممەت ئېتىبارى بىلەن ئاخبارات دېيىلىدۇ. دېمەك، ئاخبارات پاكىتى دېگەن سۆز ئەڭ يېڭى، ياكى ھازىر يۈز بەرگەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە، ھادىسىلەر بولۇپ، ئۇ ئاخبارات ئوبزورچىلىقىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاخبارات ئوبزورچىلىقىنى يەنە، يۈز بەرگەن ئوبيېكتىپ ۋەقە- ھادىسىلەرنىڭ ئىنكاسى، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ ۋەقە ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىنىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ.

ئاخبارات ئوبزورى يۈز بەرگەن ئاخبارات پاكىتى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدىكەن، ئۇ ھالدا «ئوبزور» ۋە «ئاخبارات

ئوبزورى» توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئوبزور، قىممەت، باھا ياكى بېلوگرافىيە دېگەن سۆزلەر ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇ ئىنگلىز تىلىدىكى Criticism («كىرىتىك») دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، ئۇ «ھۆكۈم قىلىش»، «باھا بېرىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ھۆكۈم قىلىش دېگەن سۆز مۇھاكىمە ۋە غۇلغۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇڭا مۇھاكىمىنىڭ نەزەرىيىۋىلىككە بولغان ماھىللىقى كۈچلۈك بولىدۇ. نەزەرىيىۋىلىك باھانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئوبزورنى مۇھاكىمە ۋە غۇلغۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەزەرىيىۋى ماقالە دېيىشكە بولىدۇ.

ئاخبارات — گېزىت، رادىئو ۋە تېلېۋىزور تەشۋىقاتىنىڭ تۈۋرۈكى، ئاساسىنىڭ ئاساسى دېيىلسە، ئاخبارات ئوبزورىنى ئاخباراتنىڭ بايرىقى ۋە جېنى دېيىشكە بولىدۇ، ياكى ئاخبارات بىلەن ئاخبارات ئوبزورى ئومۇمىي تەشۋىقاتتا، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان، بىر - بىرىنى شەرت قىلىدىغان سەۋەب — نەتىجە مۇناسىۋىتىگە ئىگە تۇر بولۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، ئۇلار بىرلىككە كەلگەن سىياسىي تەشۋىقاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۆز ئارا ماسلىشىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن ـ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاممىغا توغرا ۋە ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى، قەدىمىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، تەربىيىلەش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش، خاتالىقلارنى تۈزىتىش ۋە دۈشمەنگە زەربە بېرىش رولىنى ئوينايدۇ، لېكىن شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە يۈز بەرگەن خىلمۇ خىل ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاخبارات ئەھمىيىتىگە ئىگە ھادىسىلەر بولالمىغاندەك، ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بولغانلىكى ئاخباراتلارنىڭ ھەممىسىمۇ ئاخبارات ئوبزورىنىڭ ئوبيېكتى بولالمايدۇ.

ئاخباراتنىڭ، ئاخبارات ئوبزورىنىڭ ئوبيېكتى بولۇشى ئۈچۈن يۈز بەرگەن پاكىت خەلق تۇرمۇشى رېئاللىقىدىكى ئەڭ تىپىك ۋەقە، ھادىسە بولۇشى؛ ياكى ئۇ ۋەقە، ھادىسە ئەينى شارائىتتا، خەلق ئاممىسى بىردەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان زور مەسىلىلەر بولۇشى لازىم.

ئاخبارات ئوبزورىنىڭ ئوبيېكتى بولىدىغان بۇنداق پاكىت، ھادىسىلەر ۋە مەسىلىلەر ئىجابىي بولىشىمۇ، سەلبىي بولىشىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئۇنىڭغا چەك قويۇلمايدۇ. مەسىلەن: پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ بىر مەزگىلدىكى مەقسىتى، ئورۇنلاشتۇرۇشىنى، فاڭجېنلىرىنى، سىياسەتلىرىنى ئېلان قىلىدۇ. 1988- يىلى 8 - ئاينىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدىن باشلاپ تاكى 9- ئاينىڭ 5- كۈنىگىچە، مەملىكەت بويىچە مال باھاسى سىياسىتىنىڭ ئېنىق بولمىغانلىقى ۋە مۇقىم چارە- تەدبىرلەرنىڭ ئۆز رولىنى يوقىتىپ قويۇشى تۈپەيلىدىن، ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەلگەن مال باھاسى ھەم پۇل پاخاللىقىنى، ھەم بۇلاپ سېتىۋېلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. نەتىجىدە، بانكا ۋە سودا دۇكانلىرى قۇرۇقدىلىنىپ قېلىپ، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا زور توسقۇنلۇق پەيدا قىلىپ قويدى. 9 - ئاينىڭ 10- كۈنى ئەتراپىدا گوۋۇيۈەن يىغىن ئېچىپ، مال باھا سىياسىتى ۋە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئېلان قىلدى، مەملىكەت بويىچە پۈتۈن تەشۋىقات ئورگان-

لىرى بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، مەركەزنىڭ روھىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. بۇ ناچار خاھىشنى توسۇشتا، ئاخبارات ئوبزورىنىڭ رولى چوڭ بولدى. «خەلق گېزىتى»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان گېزىت، ژۇرنال، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە ئورگانلىرى بىردەك ھەرىكەتكە كېلىپ، مال باھاسىنى قالايمىقان ئۆستۈرۈشكە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ھەر كۈنى دېگۈدەك ئوبزور ئېلان قىلىپ، بۇ تەتۈر قويۇننى جىمىقتۇرۇپ، ۋەزىيەتنى دەرھال ئوڭشاشقا ئالاھىدە زور تۆھپە قوشتى.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاخبارات ئوبزورچىلىقى سىياسىيلىكى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر خىل پەن. ئۇ، تەشۋىقاتنىڭ جېنى ۋە بايرىقى. جامائەت پىكىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئوخشاش بولمىغان پىكىر، كۆز قاراش ۋە غۇلغۇلىلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، خاتا پىكىر ئېقىملىرىنى توسۇش ۋە چەكلەشتە ئاخبارات ئوبزورىنىڭ نوپۇزى زور.

ئاخبارات ئوبزورى ئۆز ماھىيىتى ئېتىبارى بىلەن مۇلاھىزە ياكى ئانالىز خاراكتېرلىك ماقالە ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدا مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە بولىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى تېپىلىدۇ.

مۇلاھىزە خاراكتېرلىك ماقالىلەردە، ئالدى بىلەن مۇلاھىزىنىڭ ئوبيېكتى بولغان مەسىلە توپ-توغرا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، ئاندىن، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە تەھلىل قىلىنىدۇ، ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، مەسىلىنىڭ خاراكتېرى ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ، ئاندىن قانداق قىلىش لازىملىقى، مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى، چاقىرىق ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاخبارات ئوبزورلىرىدىمۇ دەل مۇشۇنداق قىلىنىدۇ. ئۇ، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى، يەنى پارتىيىنىڭ ئەينى شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويغان مەركىزىي خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى تۇتقا قىلغان ھالدا، ۋاقىت خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلىكى، خاھىشچانلىقى ۋە مۇھىملىقى بىلەن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەۋجۇت تىپىك مەسىلىلەرنى كىشىنى قايىل قىلىدىغان كۈچلۈك نەزەرىيە، قائىدە ۋە پرىنسىپلار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا باھا بېرىدۇ. ھەمدە ئۆزى ئوبيېكت قىلغان مەۋجۇت مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنىڭ توغرا، ياكى خاتالىقىنى كەسكىن ئېچىپ تاشلاپ، ئاممىنىڭ قانداق قىلىشى ۋە ئۇنى قانداق تونۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى، قەدىمىنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ.

ئاخبارات ئوبزورلىرى سىياسىيلىك، ئاممىۋىلىك ئالاھىدىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزى ئوبيېكت قىلغان مەسىلىگە نىسبەتەن ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان پارتىيە ئورگىنىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ، شۇ دەرىجىلىك پارتىيە ئورگىنىغا تەڭ بولغان تەھرىر بۆلۈمىنىڭ كۆز قارىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭغا يازغۇچىنىڭ مەيدانى، كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيىسى سىڭگەن بولىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىپادىلىگەن بۇ خىل كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيىسى پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىتىنىڭ روھى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ، ئاممىنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە تەربىيىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈركى، ئاخبارات ئوبزورى ھەرگىز باياننى ئاساس قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ماقالە ئەمەس. گەرچە ئاخبارات ئوبزورى بىلەن نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنىڭ شەكىل ۋە ئىپادىلەش ۋاسىتىسى

جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋىتىدە پەرقلىق ئالاھىدىلىكلەر ئانچە زور بولمىسىمۇ، ئەمما، دېمەكچى بولغان مەسىلە ۋە ئۇنىڭ دائىرىسى، خاراكتېرى، ھەجمى، مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ئىسپاتلاش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئالاھىدىلىكى بار.

ئاخبارات ئوبزورىنىڭ ئەھمىيىتى، كۈچى، رولى ئۇنىڭ «تۆمۈرنى قىزىقىدا» سوقالىغان-سوقالمىغانلىقى ۋە شۇ ۋاقىت ئىچىدە بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم پەيدا قىلغان - قىلالمىغانلىقىدا، ئوبزوردا بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى ئىش، ئەھۋال ئوتتۇرىغا قويۇلمىسا، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىسە ھەمدە ئۇ ئىش، ئەھۋالغا ناھايىتى تېز ھەم ۋاقتىدا باھا بېرىپ يېتەكچىلىك قىلالمىسا، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىسا، ھەل قىلىش چارىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلمىسە ئۇنداق ئوبزورنىڭ پايدىسى بولمايدۇ.

ئاخبارات ئوبزورى ئاخبارات خاراكتېرلىك بولىدۇ، شۇڭا ئاخبارات ئوبزورى يۈز بەرگەن ئاخبارات پاكىتىدىن زادىلا چەتلەپ كەتمەسلىكى، پاكىت بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىشى، نىشان بەكمۇ ئېنىق، يەككە، خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى لازىم. بولۇپمۇ ئاخبارات ئوبزورلىرى، كۆپىنچە نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە ۋە ئىجتىمائىي مەسىلە ئىچىدىكى سەزگۈر ئاجىز ھالقىلارغا قارىتىلىشى، ئۇنىڭ زىيانلىق ئاقىۋەتلىرى ئېچىپ تاشلىنىشى ۋە كىشىلەرنىڭ داۋاملىق ئۇنىڭدىن ھوشيار بولۇشى لازىملىقى كۆرسىتىپ بېرىلىشى؛ ياكى كىشىلەر ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، دىققەت - ئېتىبار مەركەزلىشىپ قالغان ئىدىيىۋى مەسىلىلەر ۋە خاھىشلىق ھادىسىلەرگە قارىتىلىشى ھەمدە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىلىشى لازىم، ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئاخبارات ئوبزورىنىڭ قاراتمىلىقىنى كۈچەيتىمەن دەپ ئۇششاق-چۈششەك مەسىلىلەرگە ئېسىلىۋېلىش، دېمىسىمۇ بولىدىغان، باشقىچە ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدىغان جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى قارا - قويۇق سۆرەپ چىقىشتىن ئاڭلىق ھالدا ساقلىنىش لازىم.

## مۇنداق «ئارىلاشمىش روھى» تەشەببۇسى قىلىشقا ئەرزىيدۇ

### «ئىلى گېزىتى»نىڭ يېڭى سىتونى «سۆيلەش سىگنالى»غا مەدھىيە

گېزىتخانىلارغا مۇشتەرىلاردىن ھەر كۈنى نۇرغۇن خەت كېلىدۇ. ئۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىلىرى گېزىتكە بېرىلىدۇ، قالغانلىرى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللاپ بېرىلىدۇ. لېكىن يوللاپ بېرىلگەنلىرى خۇددى كۆلگە تاشلانغان تاشتەك ئۈن-تىنسىز يوقاپ كېتىدۇ، بىر قىسىم ئورۇنلار بۇنداق خەتلەرگە زادىلا پەرۋا قىلمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ «ئىلى گېزىتى»، «سۆيلەش سىگنالى» سىتونى ئېچىپ ياخشى قىلدى.

«ئىلى گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمى 1988-يىل 11-ئاينىڭ 4 - كۈنى 2 - بەتتە كۆرۈنەرلىك سەرلەۋھە ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئېنىق پوزىتسىيىسىنى بىلدۈردى: «گېزىتىمىز ئالاقىدار ئورۇنلارغا يوللاپ بەرگەن ۋە جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلغان خەتلەرنى خېلى كۆپ ئورۇنلار پارتىيىگە، خەلققە مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىسى بىلەن ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلدى ۋە گېزىتىمىزگە جاۋاب خەت يازدى.

(ئاخىرى 54 - بەتتە)

# رادىئو، تېلېۋىزىيە گۈلزارىنىڭ يېڭى قىياپىتى

**ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 1988-يىللىق مۇنەۋۋەر رادىئو - تېلېۋىزىيە نومۇرى بولۇپ باھالانغان ئەسەرلەرگە باھا**

**ۋېي خۇڭگېڭ**

بۇ يىل 3-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 13-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 7-نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر رادىئو نومۇرلىرىنى ۋە ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە 3-نۆۋەتلىك مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى باھالاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق، ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى ۋە ئۆزبېكلىرىنىڭ 1988 - يىللىق ئاخبارات ئىسلاھاتىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەر جەھەتتىن كۆرۈك قىلىندى.

بۇ يىغىندا ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ تاللاش ئارقىلىق 100 پارچە ئەسەر 1-، 2-، 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 65 رادىئو نومۇرىنىڭ 31ى خەنزۇ تىلى، 34 ى مىللىي تىلدىكى، مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 35 تېلېۋىزىيە نومۇرىنىڭ 28ى خەنزۇ تىلى، يەتتىسى مىللىي تىلدىكى ئىستانسىلارنىڭ بولدى. مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بۇ ئەسەرلەردە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن؛ ھەر دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئاخبارات ئىسلاھاتىدىكى يېڭى ئۇتۇقلىرى ئىپادىلەنگەن.

**1. بۇ نومۇرلارنىڭ جامائەت پىكرىنى يېتەكلەش قارىشى ۋە نۇقتىسى يېڭى**

جامائەت پىكرىنى ئىنكاس قىلىش — رادىئو ۋە تېلېۋىزىيىنىڭ مۇھىم فۇنكسىيىسى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى ئىگىلىكنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەزىيەت تەربىيىسىنى ياخشى ئىلىپ بېرىش قاتارلىقلارنى دەۋر قىلغان ھالدا جامائەت پىكرىنى تۈرلۈك قاتلاملار، تۈرلۈك نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، ۋىلايەتلىك (ئوبلاستلىق، شەھەرلىك)، ناھىيىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىستانسا ۋە ئۆزبېكلىرى 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئىقتىسادىي مۇھىتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرتىپنى ياخشىلاش ۋە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا خەۋەر ئۇيۇشتۇرۇپ، جامائەت پىكرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈردى ۋە يېتەكلىدى. جەمئىيەتنى يېڭى قاراش بىلەن كۆزىتىپ يېزىلغان بىر تۈركۈم كۈچلۈك، چوڭقۇر مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر بارلىققا كەلدى.

رادىئو - تېلېۋىزىيە كۆپ رولluq جامائەت پىكرى قورالى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى

رولى يەنىلا پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقنىڭ تەلىپى بولۇشتىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا خەلق ئاممىسى ھەممىدىن بەك كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەردىن ئۆز خەۋەرلىرى ۋە ئاخبارات پاكىتلىرىغا باھا بېرىش ئارقىلىق ئاممىنىڭ تونۇشى ۋە ھەرىكىتىنى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە يېتەكلەپ، پۈتۈن مىللەتنىڭ مەركەزگە ئىنتىلىشچانلىقى ۋە ئۇيۇشقاقلىقىنى كۈچەيتتى. شىنجاڭ رادىئو ئىستانسىسىنىڭ «چىنىنىڭ بازىرى نېمىشقا كاساتلىشىپ كەتتى» دېگەن ئۇلانما ئوبزورى (مۇنەۋۋەر رادىئو نومۇرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى)، «بازاردىكى سىيامبو نەگە كەتتى؟» دېگەن چاتما خەۋىرى (مۇنەۋۋەر رادىئو نومۇرى بويىچە 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى) جامائەت پىكرىنى پايدىلىق ئىزدىنىشكە توغرا يېتەكلىدى. «بازاردىكى سىيامبو نەگە كەتتى؟» نىڭ ئاپتورى بازاردا سىيامبۇنىڭ قىس بولۇۋاتقانلىقىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، ھەر خىل نۇقتىدىن كۆزىتىپ، ھەر جەھەتتىن ئەھۋال ئىگىلەپ، سىيامبو ئىشلەش - تەمىنلەش - سېتىشتا ساقلانغان ئۆتكۈر زىددىيەتلەرنى ئېچىپ تاشلىدى. ئاپتور يەنە سىيامبونىڭ ھايىنىغا سېتىلىش ئەھۋالىنى ۋە بۇ ئەھۋالنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسىنى خەۋەر قىلىپ، خەۋەرنى باي ستېرېئولۇق تەسىراتقا ئىگە قىلغان. بۇ خەۋەر ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەت بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

**2. بۇ نومۇرلارنىڭ ۋەزىيەتنى تەشۋىق قىلىش ئۇسۇلى يېڭى**

پارتىيە 13 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن پارتىيىگە ۋەزىيەت تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى، ئىسلاھات باشلانغان ئون يىلدىن بۇيانقى ۋەزىيەتنى قانداق قىلغاندا ياخشى تەشۋىق قىلغىلى بولىدۇ؟ ھەر دەرىجىلىك رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى 1988 - يىلى يەنە ئىزدەندى، ئىلگىرىكى قاتمال ۋەز - نەسىھەتنى تاشلاپ، باراۋەر ئورۇندا تۇرۇپ پىكىرلىشىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. ۋەزىيەت تەشۋىقاتىنى جانلىق، مول، يېڭى مەزمۇنغا ئىگە قىلىش بىلەنلا قالماي، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقىغا پايدىلىق قىلدى. ھەر مىللەت رادىئو - تېلېۋىزىيە خادىملىرى ھەر قايسى سەپلەردە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەشۋىق قىلىشتا مەزمۇننى، ۋاسىتىنى يېڭىلىدى. تۇرمۇشتىكى ئىنچىكە ۋەقەلەر ئارقىلىق مىللىي روھنى ئېچىپ بېرىش، قىسقا كىچىك سەھىپىلەردە دەۋر روھىنى نامايەن قىلىش، كىچىك ئىشلار ئارقىلىق چوڭ قائىدىنى بايان قىلىش ئۇلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولدى.

خوتەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئىشلىگەن «ئېشەك ھارۋىسى ھەققىدە پاراڭ» فىلىمى (مۇنەۋۋەر تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى بويىچە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى) كىچىك ۋەقە ئارقىلىق چوڭ قائىدە سۆزلەنگەن ياخشى ئەسەر. ئاپتور ئېشەك ھارۋىسى ناھايىتى كۆپ خوتەن يېزا - بازارلىرىنى ئارىلاپ، ئېشەك ھارۋىلىرىنىڭ ئازدىن كۆپىيىش، يۈك توشۇشقىلا ئىشلىتىلىشتىن بىر قانچە

خىل ئىشقا ئىشلىتىلىش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، ھازىرقى خوتەن يېزىلىرىغا ئون يىللىق ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەينەن، ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرگەن. ئىشەك ھارۋىلىرىنىڭ بارلىقى ۋە كۆپىيىشى خوتەن دېھقانلىرىنىڭ پىكىر قىلىش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسەتكەن، ئۇ، ناتۇرال ئىگىلىكتىن تاۋار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشنىڭ يىغىنچاق كۆرۈنۈشى. ئاپتور ئېيتقاندەك، «كىچىككىنە ئىشەك ھارۋىسىدىن ئىسلاھات دولقۇنىدىكى خوتەن دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرقىنى كۆردىمىز.»

### 3. نومۇرلار ياخشى، شەكلى يېڭى

1988 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى رادىئو - تېلېۋىزىيە ئورۇنلىرى ئايرىم نومۇرلارنى ياخشىلاشتىن گۇرۇپپا - گۇرۇپپا نومۇرلارنى ياخشىلاشقا ئۆتكەن، بۇ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يەنە بىر نەتىجىسى. بۇ ئۆزگىرىش باھالاشقا سۇنۇلغان ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن نومۇرلار ئىچىدە گۇرۇپپا - گۇرۇپپا نومۇرلارنىڭ ئالدىنقى يىللاردىكىدىن كۆپ بولغانلىقى، سۈپىتىنىڭ ئالدىنقى يىللاردىكىدىن ياخشى بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

بىر پارچە ماقالىنىڭ سۈپىتى ئاپتورنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرسە بىر گۇرۇپپا نومۇرنىڭ سۈپىتى شۇنى ئىشلىگەن كوللېكتىپنىڭ سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئايرىم ماقالىلەرنى ياخشىلاش ئاساسىدا رادىئو - تېلېۋىزىيە نومۇرلىرىنى ئىشلىگۈچى خادىملارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادچانلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، بىرەر پروگراممىنى، بىرەر نومۇر، ھەتتا مەلۇم ۋاقىتلىق ئاڭلىتىش، كۆرسىتىشنىڭ مەزمۇنىنى ياخشىلاش—رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭ نىشانى.

ھەر بىر نومۇرنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر رادىئو نومۇرلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باھالاشقا 1986 - يىلدىن باشلاپ خەۋەرلەر گۇرۇپپىسى دېگەن نومۇر كىرگۈزۈلگەن ۋە «باھالاش ئوبيېكتى ئايرىم خەۋەر (نومۇر) بولۇش، ھەر خىل خەۋەرلەرنى ماھىرلىق بىلەن مۇۋاپىق گۇرۇپپىلاشتۇرۇپ، ئاساسىي تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھەم پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە ئۇيغۇن قىلىش، ھەم قىزىقارلىق قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ قېتىم باھالاشقا بۇ نومۇر گۇرۇپپىسىدىن 13ى قاتناشتۇرۇلدى، ئۇلارنىڭ يەتتىسى 1 - دەرىجىلىك، 2 - دەرىجىلىك ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى، بۇ باھالانغان ئومۇمىي ماقالىنىڭ 53.3 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ كىشىنى خۇشال قىلىدىغان يېڭى باشلىنىش.

(بېشى 51 - بەتتە)

ئامما يەنە بىر قىسىم ئورۇنلار خەتلىرىگە ئېتىبار بەرمىدى، بىز يوللاپ بەرگەن خەتلەر ھۆددى كاۋلىگە تاشلانغان تاشتەك ئۈن-تۈنسىز يوقاپ كەتتى. شۇڭا گېزىتىمىز بۈگۈندىن باشلاپ «سۈيلەش سىگنالى» ستونىنى ئاچتى، بۇنىڭغا سۈيلىنىدىغان خەتلەرنى بېرىمىز، سۈيلەنگۈچى ئورۇنلارنىڭ گېزىت چىقىپ ئون كۈن ئىچىدە جاۋاب بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.» تەھرىر سوزىنىڭ ئاستىغا ئۆتكەن يىلدىن بېرى يوللاپ بېرىلگەن ئالتە پارچە خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى، سۈيلەنگەن ئالتە ئورۇننىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسىنى ئېلان قىلدى. گېزىتنىڭ شۇ سانى مۇشتىرىلارنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى.

بۇ ئۇسۇل دەرۋەقە ئۈنۈم بەردى. بىر قىسىم ئورۇنلار دەرھال بىر تەرەپ قىلدى ۋە جاۋاب يازدى.

مەن «ئىلى گېزىتى»نىڭ جامائەت پىكىرى نازارىتى كۈچىگە ئىگە «سۈيلەش سىگنالى»نى مەدھىيىلەيمەن، ئۇ، مۇشتىرىلارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىدى.

**ماشىشەن**

# تالاش ـ تارتىشتا قالغان شەخسلەرگە دائىر خەۋەرلەر توغرىسىدا

نىپ باۋلىن

ئاخبارات ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، گېزىتلەردە شەخسلەر توغرىسىدىكى خەۋەرلەر «جانلىنىپ» كەتتى. شەخسلەر توغرىسىدىكى تەسۋىرىي خەۋەر ۋە خەۋەرلەردە تالاش ـ تارتىشتا قالغان شەخسلەر مۇئەييەن ئورۇن ئىگىلىدى.

تالاش ـ تارتىشتا قالغان شەخسلەر توغرىسىدىكى خەۋەر دېگەن قانداق؟ دەپ 1989 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى «نۇر گېزىتى»نىڭ 1 ـ بېتىگە «شىر، قوي ۋە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھى ـ كىشىلەرنىڭ كومپارتىيە ئەزاسى جاۋشىنشيەنگە باھاسى» دېگەن سەرلەۋھىدە خەۋەر ئېلان قىلىنىدى. بۇ تالاش ـ تارتىشتا قالغان شەخسلەر توغرىسىدىكى بىر پارچە تىپىك خەۋەر. جاۋشىنشيەن زادى قانداق شەخس؟ خەۋەردە بۇ ھەقتە جىددىي تالاش ـ تارتىش قىلىنغان. خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: جاۋشىنشيەن زاۋۇت قۇرۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن كىچىك سېخ قۇرۇشنى، زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى 2000 كۋادرات مېتىردىن ئاشۇرماسلىقنى، ئاساسىي قۇرۇلۇش خىراجىتىنىمۇ 1مىليون 200مىڭ يۈەندىن ئاشۇرماسلىقنى قارار قىلىدۇ. ئۇ تەشكىلنىڭ قارارىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئىجرا قىلىپ، ئىشقا كىرىشىدۇ، لېكىن زاۋۇت بىناسىنى چوڭراق سېلىش ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن دوكلات يازىدۇ. يۇقىرى ئورۇنلار ئۇنىڭغا زاۋۇت بىناسىنى تۆت قەۋەتتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك توغرىسىدا ئېنىق يوليورۇق بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئۇ قۇرۇلۇش ئەترىتى بىلەن خۇپىيانە مەسلىھەتلىشىپ، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى يەتتە قەۋەتكە ئۆزگەرتىدۇ، دورا زاۋۇتىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن يوشۇرۇن ئاساس سالماقچى بولىدۇ، ئەسلىدە زاۋۇتتا بىرلا پار قازىنى ئورنىتىش پىلانلانغان بولسىمۇ، ئۇ قەستەن پار قازانىدىن ئىككىنى ئورنىتىشقا ئورۇن قالدۇرىدۇ. بۇ ئىش توغرىسىدا كىشىلەر ئارىسىدا بىر مۇنچە غۇلغۇلا پەيدا بولىدۇ.

بەزىلەر ئۇنى «ئۆز بېشىمچىلىق قىلدى، رەھبەرلىكنى كۆزگە ئىلمىدى» دەيدۇ. ئەسلى ۋەقە مۇنداق بولغان: جاۋشىنشيەن پىلانلىغان دورا ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتىگە يۇقىرى ئاران 500 مىڭ يۈەن ئۈسكۈنە خىراجىتى بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ لايىھىلىگەن سۇيۇق دورا ئىشلەش ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسىگە 1 مىليون 100 مىڭ يۈەن كېتەتتى. ئۇنىڭ ۋۇخەنگە مال زاكاز قىلىشقا ئەۋەتكەن ئادىمى جاۋشىنشيەنگە تېلېفون بېرىپ، باھانىڭ ئەسلىدىكىدىن بىر ھەسسە ئارتۇق ئىكەنلىكىنى، مالنى زاكاز قىلىش ـ قىلماسلىقنى ئېيتىدۇ. ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ: ئەگەر بۇ ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلسا، دورىنى قول بىلەن ئىشلەشكە مەجبۇر بولىمىز، ئىش باشلىغان تەقدىردىمۇ ئۈنۈم ناھايىتى تۆۋەن بولىدۇ. ئەگەر ئاشخانا ۋە كادىرلار بىناسى سالىدىغان خىراجەتنى ۋاقىتىنچە ئۈسكۈنە ئېلىشقا ئىشلەتسەك، ئىش باشلىغاندىن كې-

يىن، مەھسۇلات سېتىلىش بىلەنلا كىرىم كىرىدۇ، بۇ، ئۇزاق ۋاقىتلىق چارە دېگەن قارارغا كېلىدۇ-دە، ئەتىسى يۇقىرى ئورۇنغا تەكشۈرۈشنامە سۇنۇپ، يۇقىرىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى، پۇلنى كۆپەيتىپ بېرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. مۇنداق «بىر تەرەپتىن ئۆزى بىلگەننى قىلىپ، بىر تەرەپتىن يۇقىرىغا ئىلتىماس سۇنۇش» ئۇسۇلى ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ، نەتىجىدە يۇقىرىدىن دورا زاۋۇتىغا تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەۋەتىدۇ....

جاۋشىنشيەنىڭ قىلغىنى توغرىمۇ-خاتامۇ؟ ئاپتور كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئوخشاش بولمىغان قاراشلىرىنىلا خەۋەر قىلغان، ئۆزى بىۋاسىتە ئىپادە بىلدۈرمىگەن. خەۋەردە مۇنداق دېيىلگەن: «دورا زاۋۇتى تەرەققىيات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى لى خۇڭبىڭ مۇخبىرغا مۇنداق دەيدۇ: جاۋشىنشيەندەك ئوچۇق كۆڭۈل، ئىنتىلىشچانلىقى كۈچلۈك، دادىل يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيدىغان، دادىل مەسئۇل بولىدىغان ۋە خەۋپ-خەتەرگە قارشى كۆرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان كىشىلەرلا دەۋرىمىز ئەڭ ئېھتىياجلىق كومپارتىيە ئەزالىرىدۇر. تاۋار ئىگىلىكى دولقۇنىدا خىلمۇخىل خاراكتېردىكى كىشىلەر بولىدۇ. ھە دېسە، لەببەي دەپ، يۇۋاش-مۇلايىم بولۇپ، ئۆز باشلىقىنى رازى قىلىشنىلا بىلىدىغان كىشىلەر ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ.»

دورا زاۋۇتىنىڭ ياردەمچىسى لىن چاڭشىڭ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، جاۋجىنشيەنىڭ دادىل ئىشلىشىدىن خاتىرجەم بولالمايۋاتقان رەھبەرلەرمۇ ياخشى پارتىيە ئەزالىرى، ئۇلارمۇ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەر، ئۇلار چەكلىك خىراجەتنىڭ نابۇت قىلىۋېتىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، لېكىن ئۇلاردا جاۋشىنشيەنىڭكىدەك نەزەر ۋە جاسارەت كەمچىل، ئۇلار پەن-تېخنىكا مەھسۇلاتلىرىدىكى يوشۇرۇن كۈچنى كۆرەلمەيدۇ.»

مۇشۇنداق تالاش-تارتىشتا قالغان شەخسنى يېزىشتا مۇخبىر كونا قېلىپتىكى ئىلغار شەخسلەرنىڭ ئىش ئىزلىرىنى يېزىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان. بەلكى شۇ شەخسنى جىددىي تالاش-تارتىشقا قويۇپ، ئىلغار شەخسلەر توغرىسىدىكى تالاش-تارتىشنىڭ جەريانىنى يېزىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيەۋى پەزىلىتى ۋە ھېسسىياتىنى تولۇق نامايەن قىلغان، دولقۇنسىمان بايان قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تەسىرلىك قىلىپ يازغان. تالاش-تارتىشتا قالغان شەخس توغرىسىدا يېزىلغان بۇ ماقالىدىن شۇنى كۆرۈۋالايمىزكى، تالاش-تارتىشتا قالغان شەخسلەرنىڭ پەزىلىتى ۋە خاراكتېرى زىددىيەت ھەم تالاش-تارتىش داۋامىدىلا تولۇق نامايەن بولىدۇ. شەخسلەرنىڭ ئىدىيىسىمۇ تالاش-تارتىش ۋە زىددىيەت توقۇنۇشى داۋامىدا گەۋدىلىنىدۇ، كىشىلەرنى جەلپ قىلىدۇ. ئاپتور شەخسلەرنى «تالاش-تارتىش»نى تۇتۇپ سۈرەتلەپ، ئۇلارنى تالاش-تارتىش داۋامىدا تېخىمۇ تولۇق، جانلىق يازغان. مېنىڭچە، تالاش-تارتىشتا قالغان شەخسلەر توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ ياخشى يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا ھەم ئوبيېكتىپ پاكىتقا ھۆرمەت قىلىنىدۇ، ھەم ئامما پىكىر يۈرگۈزۈشكە يېتەكلىنىدۇ. بۇنداق خەۋەرلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئاخبارات خادىملىرىمىزدىن كونا تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، دىئالېكتىكىنى كۆپرەك قوللىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

# مۇشتەرىلارغا ئازراق سوئال قالدۇرايلى

## — خەۋەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى يېزىش توغرىسىدا

زېڭ چۈەنشېڭ

تۆۋەندىكى خەۋەرنى كۆرۈپ باقايلى:

شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسى قىسىملاردىكى ھەربىيلەر ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى ئاياللار خىزمىتىدىكى زور ئىش قاتارىدا تۇتۇپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك ئاياللار بىرلەشمىسى بۇ خىزمەتنى ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلدى. شەھەر، رايون (ناھىيە) بازار (يېزا)لاردا ئۈچ دەرىجىلىك ئۇچۇر تورى قۇردى...

«زور ئىش قاتارىدا تۇتقان» ئىكەن، شۇنداقلا «ئۈچ دەرىجىلىك ئۇچۇر تورى» قۇرۇلغانىكەن، بۇ جەھەتتە قانچىلىك مەسىلە ھەل قىلىندى؟ ماقالىدە قىسىملارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي مەسىلىسى ھەل قىلىنغانلىقى مىسالغا ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن باشقىلارغا ياردەملىشىپ قانداق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگەنلىكى يېزىلمىغان. ماقالىدە ئېيتىلغان ئورۇنلار بۇ جەھەتتە خىزمەتنى زادى قانداق ئىشلىدى؟ مۇشتەرىلار خەۋەردىن بۇنىمۇ كۆرەلمەيدۇ.

نېمە قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان خەۋەرلەر گېزىتلەردە ئاز ئەمەس. يەنە مۇنۇ ماقالىغا قاراپ باقايلى:

بۇ يېزىنىڭ دېھقانچىلىق تېخنىكا پونكىتى بىلەن دېھقانلارنىڭ ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا مەكتىپى بىرلىشىپ، كاڭ ۋە ئوچاقنى ئۆزگەرتىش كۇرسى ئاچتى، كەنت كادىرلىرى ۋە تامچى ئۇستىلاردىن بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشى كۇرسقا قاتناشتى. ھازىر كاڭ ۋە ئوچاقنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى يېزا بويىچە ئىشلىنىۋاتىدۇ.

بۇ قىسقا خەۋەردە خەۋەرنىڭ «نېمە سەۋەبتىن» دېگەن ئامىلى يېزىلمىغان. مۇشتەرىلارمۇ ماقالىنى كۆرگەندىن كېيىن، كاڭ ۋە ئوچاقنى ئۆزگەرتىشنىڭ سەۋەبى، ئۈنۈمىنى قانداق بىلەلىسۇن؟

يەنە بىر ماقالىغا قاراپ باقايلى:

بۇ يىل ناھىيە بويىچە بېلىق بېقىلغان كۆللەرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 34 مىڭ موغا يەتتى ... بۇ كۆللەرگە جەمئىي 8 مىليون 500 مىڭ بېلىق سېلىنىپ، 9 مىليون بېلىق ئەي قىلىندى. يىللىق تاۋار بېلىق مىقدارى 700 مىڭ كىلوگىرامغا يېتىشى مۇمكىن ...

ئەسلىدىكى «پايدىلىنىلغان سۇ كۆلىمى»، «سېلىنغان بېلىق»، «تۇتۇلىدىغان بېلىق مىقدارى» قانچە ئىدى؟ بۇنىڭدا ھەر قايسى جەھەتتىكى بۇرۇنقى سانلار كەمچىل. بۇنىڭدىن ئەي بولۇش مىقدارىنى كىممۇ بىلەلىسۇن!

«يېزىقتىكى مۇجىمەللىك ئىدىيىسىدىكى ئېنىقسىزلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ» بۇ يۇقىرىدىكى خەۋەرلەرنىڭ ئەجەللىك يېرى. بىزگە مەلۇمكى، يۇقىرىدىكى خەۋەرلەردە مەسە-

لە خەۋەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىدە كۆرۈلىدى. خەۋەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى خەۋەر قۇرۇلمىسىدىكى مۇقەددىمىدىن كېيىنكى ئاساسىي قىسمى بولۇپ، خەۋەر ئامىلى ئىچىدىكى نېمە ئىش، نېمە سەۋەبتىن دېگەن مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجىسى مۇشۇ قىسىمدا بايان قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ مۇقەددىمىدە بايان قىلىنغان خەۋەر ئامىللىرى ئاساسىي گەۋدە قىسمىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىق چۈشەندۈرۈلىدۇ. شۇڭا، خەۋەرنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمىنى يېزىشنى ياخشى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۇنى كونكرېت، جانلىق، قايىل قىلارلىق قىلىپ يېزىپ، مۇشتەرىلاردا گۇمان قالدۇرماسلىق لازىم. بۇ، بىر خەۋەرنىڭ نەتىجىلىك - نەتىجىسىز بولۇشىدىكى ئاچقۇچ.

ئۇنداق بولسا، خەۋەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى قانداق قىلغاندا ياخشى يازغىلى بولىدۇ.

«خەۋەرنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمىنى يېزىشتا، كۆز قاراش، ئېنىق بولۇشى، نۇقتا بىلەن دائىرە بىرلەشتۈرۈلۈشى، ماتېرىيال ياخشى تاللىنىشى كېرەك.» 2-مىسالدىكى خەۋەرنىڭ ئىللىتى ئۇنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئېنىق بولماسلىقىدا. ئۇنىڭدا مۇھىم نۇقتا ئامما كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىگە قويۇلمىغان. 3 - مىسالدا ماتېرىيال تاللاشتا، ئاخبارات قىممىتىنى ۋە ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇھىم ئارقا كۆرۈنۈشكە سەل قارالغان. 1 - مىسالدا، نۇقتا بىلەن دائىرە بىرلەشتۈرۈلمىگەن دەرەخنى كۆرۈپ، ئورماننى كۆرمىگەن.

ئەمدى يەنە بىر خەۋەرگە قاراپ باقايلى:

چىشى تەكشى ئۆسمىگەن يېزىلىق بىر قىز

ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گۇاڭشى ئۆلكىسى گۇيشيەن ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق قىسىملارغا قاراشلىق 191 - دوختۇرخانىدا چىشىنى تەكشىلەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ چىشلىرى تەكشى، پارقىراق ھالەتكە كەلگەن. 1986 - يىلىدىن بۇيان، گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ گۇيشيەن ناھىيىسىدە ۋە يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردىن بولۇپ 450 تىن ئارتۇق دېھقان بۇ دوختۇرخانىغا كېلىپ سەبگۇلنى داۋالاش، پاناق بۇرۇننى قاڭشالىق قىلىش قاتارلىق 20 نەچچە خىل ھۆسىن تۈزەش ئوپېراتسىيىسى قىلدۇرغان.

(«دېھقانلار گېزىتى»دىن)

بۇ خەۋەر قىسقا بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ھەم قىسمەنلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ھەم ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىلگەن (450 تىن ئارتۇق دېھقان). ئەگەر بۇ خەۋەردە ھېلىقى يېزا قىزى 450 دېھقاننىڭ ئىچىگە قويۇپ يېزىلمىغان بولسا، 1- مىسالدىكىدەك ئۇنىڭدا قايىل قىلىش كۈچى بولمىغان بولاتتى، ئۇنىڭ ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسىمۇ تۆۋەنلەپ كېتەتتى. بۇ خەۋەرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى قىسقا بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئېيتىلغان مەسىلىلەر ئېنىق، چۈشىنىشلىك، روشەنكى، بۇ خەۋەر مىسالغا ئېلىنغان ئۈچ خەۋەرگە قارىغاندا ياخشى يېزىلغان.

---

(بېشى 62 - بەتتە)

9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئېچىلغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا لاياقەتلىك بولغان كۇرسانتلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بېرىلدى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر قايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتنىشىپ، بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە كۇرسانتلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا تېخىمۇ سادىق بولۇپ، تىرىشىپ ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشىغا ئىلھام بەردى.

بىزنىڭ ئاخباراتچىلىرىمىز

# پىشقەدەم گېزىتچى ساكوۋلياۋ ۋە ئۇنىڭ شىنجاڭنىڭ ئاخبارات ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى

جېن بىڭ، سۇڭ شياۋ

ساكوۋلياۋ ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئىجتىمائىي پائالىيەتچىسى، يېڭى جۇڭگو مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ يول ئاچقۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇ، مول بىلىم، كۆپ خىل ماھارەتكە، يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئالىم ۋە پېشقەدەم گېزىتچى.

ساكوۋلياۋ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 7—8 خىل گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە مۇدىرى بولغان، ئۇنىڭ ئاخباراتچىلىق جەھەتتە بىر نەچچە مەخسۇس ئەسىرى بار. 30 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، ئۇ «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. ئازادلىقتىن كېيىن بىر نەچچە قېتىم شىنجاڭغا زىيارەتكە كەلگەن. ئۇ ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونىغا ۋە چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان.

1

ساكوۋلياۋ- موڭغۇل، ئۇ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى جاۋدا ئايمىقىنىڭ يايلىقىدىن بولۇپ، ئۆزى سىچۈەندە تۇغۇلغان. شىڭخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئائىلىسى بىللە چېڭدۇدىن بېيجىڭغا كۆچۈپ بارغان. ساكوۋلياۋ بېيجىڭدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئائىلىسى نامرات بولغانلىقتىن ئوقۇشتىن توختاپ قالغان. 18 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ، تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن جەمئىيەتكە ئارىلىشىپ، جۇڭگو-فرانسىيە زاپاس مەبلەغ توپلاش جەمئىيىتىدە ئىش بېجىرگۈچى بولغان، ئىشلەپ يۈرۈپ، شېرخې چەت تىل مەكتىپىدە ئوقۇغان. مۇشۇ جەريانىدا ئۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىقتىدارى باشقىلارنى بېسىپ چۈشكەنلىكتىن خەنزۇ تىلى، ئىنگلىز تىلى، خەتتاتلىق، رەسساملىق قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقان. ئۇ 1925 - يىلىدىن باشلاپ گېزىتچىلىك ساھەسىگە كىرىپ، چېڭشېنې قۇرغان «دۇنيا گېزىتى»، «بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى» دە قوشۇمچە مۇھەررىر، مۇخبىر بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ پۇل - مۇئامىلە ساھەسىدىن ئايرىلىپ، ئاخبارات ساھەسىگە كىرىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئىشلىگەن. «دۇنيا رەسىملىك ژۇرنىلى» دا باش مۇھەررىر بولغان، شۇنداقلا بېيپىڭدىكى جۇڭگو داشۆسى، خەلق شۆيۈەنىنىڭ ئاخباراتچىلىق پاكۇلتېتىدا، بېيپىڭ ئاخبارات تېخنىكومىدا ئاخباراتچىلىق دەرسى ئۆتكەن. بۇ چاغدا ساكوۋلياۋ ئەمدىلا 27 ياش ئىدى.

1935 - يىلى بېيپىڭدىكى «دۇنيا گېزىتى»نىڭ خوجايىنى چېڭشېنې ئۆزىنىڭ مەملىكەت بويىچە گېزىتچىلىك ساھەسىدىكى ئورنىنى كېڭەيتىش ۋە مۇستەھكەملەش، جەنۇبتا دەسسەپ تۇرىدىغان بىر زېمىنغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن شاڭخەيدە بىر يېڭى گېزىت چىقىرىپ، ئىسمىنى «لىباۋ» گېزىتى قويماقچى بولغان.

ساكوڭلياۋ «لەپاۋ» گېزىتىنى چىقىرىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، باشتا قوشۇمچە بەت-«چايخانا»نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولغان. 1936 - يىلى 4 - ئايدا يەنە گېزىتنىڭ باش مۇھەررىرى ۋە جىڭلىسى بولغان.

«لەپاۋ» گېزىتى كىچىك گېزىت بولسىمۇ، مەيدانى مۇستەھكەم، بايرىقى روشەن ئىدى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش، ئىتتىپاقلىقنى، دېموكراتىيىنى تەشۋىق قىلىشنى گېزىت چىقىرىش مەقسىتى قىلىپ، مۇشتەرىلار سۆزلىمەكچى بولغان، ئەمما سۆزلىيەلمىگەن گەپ - سۆزلەرنى خەۋەر قىلاتتى، مۇشتەرىلار بىلمەكچى بولغان، ئەمما بىلەلمىگەن ئىشلارنى خەۋەر قىلاتتى، شۇڭا ئۇ مۇشتەرىسى كۆپ گېزىتكە ئايلانغان. بۇ گېزىتنىڭ شاڭخەيدە تارقىتىلىش مىقدارى 200 مىڭ نۇسخىغا يېتىپ، باشقا گېزىتلەردىن خېلى ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى، مەملىكەت بويىچە گېزىت نەشر قىلىنىش مىقدارى جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى رېكورت. بۇ نەتىجىلەرنى باش مۇھەررىر ساكوڭلياۋدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇ يىلى 12- ئايدا ساكوڭلياۋ ياپون باسقۇنچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى شاڭخەيدىن ئايرىلىپ شياڭگاڭغا كەتكەن.

## 2

1938 - يىلى ساكوڭلياۋ شياڭگاڭدا شىنجاڭدىن بارغان سىرداش دوستى دۇجۇڭيۈەن بىلەن ئۇچرىشىدۇ. دۇجۇڭيۈەن ئۇنى شىنجاڭغا بېرىپ بىرلىكتە خىزمەت قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئۇلار 1938 - يىلى كۈزدە شېڭشىسەينىڭ تەستىقى بىلەن شياڭگاڭدىن شىنجاڭغا كېلىدۇ.

دۇجۇڭيۈەن ۋە ساكوڭلياۋ ئەسلىدە شاڭخەيدىكى ۋەتەن قۇتقۇزۇش جەمئىيىتىنىڭ مۇھىم ئەزالىرى بولۇپ، مەملىكەت بويىچە خېلى تەسىرى بار ۋەتەنپەرۋەر، تەرەققىيپەرۋەر زاتلاردىن ئىدى. شېڭشىسەي ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىلغارلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، ئۇلارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقى ۋە شىنجاڭ گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىمەكچى بولىدۇ. ساكوڭلياۋ ئەينى ۋاقىتتىكى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ باشلىقى — سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭباۋچيەن (باۋشى) بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى گېزىتخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەشنى ئۆتۈنىدۇ. شېڭشىسەيمۇ ماقۇل بولىدۇ.

ساكوڭلياۋ «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىلاشنى، تەھرىرلىك، نابورچىلىك، مەتبەە تېخنىكىسىنى ياخشىلاشنى ئويلايدۇ. 1939 - يىلى ساكوڭلياۋ شياڭگاڭغا قايتىپ بېرىپ، «شىنجاڭ گېزىتى»گە بىر قىسىم تېخنىك خادىملارنى تەكلىپ قىلغاندىن باشقا، يەنە مۇناسىۋەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزى شاڭخەيدىكى «لەپاۋ» گېزىتىدە ئىشلەتكەن ئومۇمىي يۈرۈش ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالىدۇ، شۇندىن ئېتىبارەن «شىنجاڭ گېزىتى» خەۋەر قىلىش مەزمۇنىدىن تارتىپ تەھرىرلىك، نابورچىلىك تېخنىكىسىغىچە خېلى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. ساكوڭلياۋ «شىنجاڭ گېزىتى»دە ۋەزىپە ئۆتىگەن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە، گېزىت تېخنىكىسىنى ياخشىلاش جەھەتتە تۆھپە قوشۇپ قالماي، يەنە گېزىتكە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش مەزمۇنىدا نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازىدۇ.

كېيىنچە، شېڭ شىسەي ۋەدىسىگە ۋاپا

قىلماي، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى بار-
ھانىسىپىرى ئاشكارىلايدۇ، ئۇنىڭ
ئۈستىگە دۇجۇڭيۈەننىڭ ئاممىۋى ئارى-
سىدىكى ئىناۋىتى ئۆسۈپ، شېڭ شىسەي سى-
ياسىي جەھەتتىن تەھدىتكە ئۇچرايدۇ.
ئاخىر شېڭ شىسەي، دۇجۇڭيۈەننى قاماققا ئال-
دۇ، ساكۇڭلياۋ بۇنىڭدىن شېڭ شىسەينىڭ
ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتنى كۆرۈۋالدۇ. 1940-
يىلى ساكۇڭلياۋ شېڭ شىسەي چۈشكەنگە ئە-
ۋەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، شىنجاڭغا
قايتىپ كەلمەيدۇ.

3

ساكۇڭلياۋ 1949 - يىلى 6 - ئايدا خۇ-
بۆيجى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە دېمو-
كراتىيە ئىتتىپاقىنىڭ ئورگان گېزىتى «نۇر
گېزىتى»نى چىقاردى ۋە بۇ گېزىتنىڭ باش
كاتىپى بولىدۇ.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ ئىلگىرى - كې-
يىن بولۇپ دۆلەت ئاخبارات باش مەھكىمى-
سى، نەشرىيات باش مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن
باشلىقى بولىدۇ ئۇنىڭدىن كېيىن، دۆلەت
مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مەدەنىيەت
خىزمىتىنى باشقۇرىدىغان مۇئاۋىن مۇدىرى
بولىدۇ، مىللەتلەر نەشرىياتىنى قۇرۇشقا
بىۋاسىتە مەسئۇل بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىقى
بولىدۇ.

ساكۇڭلياۋ ئۆمۈر بويى تىرىشچانلىق كۆر-
سىتىپ، گېزىتچىلىك ئىشلىرىغا تۆھپە قوش-
قان. 1960 - يىلى، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىپ، ئۇزۇن
يىللىق ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. 1983-
يىلى ئۇ «خەلق سىياسىي كېڭەشى گېزىتى»
نى تەسىس قىلىش تەييارلىق خىزمىتىگە
مەسئۇل بولىدۇ ۋە بۇ گېزىتنىڭ باش مۇھەر-
رىرى بولىدۇ. ئۇ يەنە، جۇڭگو قامۇسىنىڭ
ئاخباراتچىلىق تومىنىڭ مەسئۇل مۇھەر-
رىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ، ساكۇڭ-
لياۋنىڭ 60 يىلدىن بۇيانقى، ئېلىمىزنىڭ ئاخ-
بارات، نەشرىيات سېپىگە قوشقان تۆھپىسى ۋە
يېڭى جۇڭگونىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئىشلىرى-
نى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ياراتقان نەتىجى-
سى تارىخ سەھىپىسىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىدۇ.

## مەملىكەتلىك 10- نۆۋەتلىك ياخشى خەۋەرلەرنى باھالاش ئاياغلاشتى

مەملىكەتلىك 10 نۆۋەتلىك ياخشى خە-
ۋەرلەر (1988- يىللىق) 7- ئاينىڭ 17- كۈنى
بېيجىڭدا باھالاپ چىقىلدى. ئاپتونوم رايونى-
مىزدىن تۆت پارچە خەۋەر ياخشى ئەسەر
باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. «ماناس ۋادىسى-
دىكى ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈۋاتقان ئاققۇنلار
كەنتى» («ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى»، گاۋ-
جيۈنخاۋ، شياۋلىن)؛ «نېمە ئۈچۈن فار -
فور قاچىنىڭ بازىرى چىقتى» (شىنجاڭ خەلق
رادىئو ئىستانسىسى، جۇچۈەن، شىلىنجې،
شياۋچياڭ) 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛
«ماناس ناھىيىسىنىڭ سۇ باشقۇرۇش تار-
ماقلىرى كەلگۈنگە قارشى تۇرۇش مەزگىلى-
دە قانسا ئۇيۇشتۇردى» (شىنجاڭ تېلېۋى-
زىيە ئىستانسىسى، ئالىم ھۆسەيىن)
2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا؛ «كۆتۈرۈپخانا
ئىزدەش» («شىنجاڭ گېزىتى»، جاڭمۇ، دۇڭ
مىڭجۈن) 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئاخبارات تەتقىقات بۆلۈمى بىرلىكتە ئاچقان

# تۇنجى قارار ئاخباراتچىلىق كۇرسى نەتىجىلىك ئاياغلاشتى



ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىن بىر كۆرۈنۈش.

ئۆز خەۋىرىمىز. شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى «شىنجاڭ گېزىتى» ئاخبارات تەتقىقات بۆلۈمى بىرلىكتە ئاچقان تۇنجى قارار ئاخباراتچىلىق كۇرسى (ھەممىلىمى سىنىپ) تۆت ئايلىق ئۆگىنىشنى ئۇتۇقلۇق تاماملاپ، 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئاياغلاشتى.

كۇرسقا ئاپتونوم رايون ھەم ئاپتونوم رايونىنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە، شەھەرلىرىدىن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق مىللەتتىن بولۇپ 34 كۇرسانت قاتناشقانىدى، ئۇلار ئۆگىنىش داۋامىدا ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ تىرىشىپ ئۆگەندى. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ، ئەستايىدىل پراكتىكا قىلدى. نەتىجىدە كۇرسانتلارنىڭ دەرس ئۆزلەشتۈرۈش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە، لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتى 100 پىرسەنتكە يەتتى.

(ئاخىرى 58 - بەتتە)



مۇنەۋۋەر كۇرسانتلارغا مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلمەكتە.



ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ مەسئۇللىرى كۇرسانتلارغا ئوقۇش پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى تارقىتىپ بەرمەكتە.

سۈرەتلەرنى ئابدۇقادىر ئابدۇخالىق تارتقان.

# خەۋەر - ماقالە پاكىتلىرىنىڭ توغرا بولۇشىغا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلايلى

ئەسقەر مۇھەممەتئىمىن

مۇناسىۋەتلىك تارماق، ئورۇنلارنىڭ ھەم مۇناسىۋەتلىك رەھبەر، مەسئۇل خادىم، ئىش بېجىرگۈچىنىڭ مۇخبىرلار، ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ خەۋەر - ماقالىلىرىگە تامغا بېسىپ بېرىشى ياكى ئىمزا قويۇپ بېرىشى — شۇ خەۋەر - ماقالە پاكىتلىرىنىڭ توغرا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پارتىيە، ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقىنىڭ ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىمىزدىكى كونكرېت گەۋدىلەندۈرۈلۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەۋەر - ماقالىگە تامغا باستۇرۇپ ياكى ئىمزا قويدۇرۇپ ئەۋەتىشنى ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرى، مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلار خەۋەر - ماقالە پاكىتلىرىنىڭ توغرا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، يالغانچىلىق، مۇبالىغىچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىرخىل ئىنتىزام سۈپىتىدە تۈزۈمگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىۋاتىدۇ، ئاڭلىق رىئايە قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ، ياخشى ئەھۋال.

لېكىن، ئاز بىر قىسىم مۇخبىر، ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ئاساسىي قاتلامغا بېرىپ چوڭقۇر تەكشۈرمەي، تامغا تۇتقۇچىلار، ئىمزا قويۇپ بەرگۈچىلەرنىڭ شۇ خەۋەر - ماقالە پاكىتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن- ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەيلا بىپەرۋالىق بىلەن تامغا بېسىپ بېرىشى ياكى ئىمزا قويۇپ بېرىشىدەك كاۋاكتىن يوچۇق ئېچىپ، چىنلىققا خىلاپ بەزى خەۋەر - ماقالىلەرنى يېزىپ ئەۋەتىشتەك ھادىسىلەر يەنىلا كۆرۈلۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاخباراتچىلىق قانۇنىيىتى، ئىنتىزامى ئاخبارات كەسپىي ئەخلاقىغا تامامەن زىت بولۇپ، ئۇنى تۈزەتمەسلىك زادى بولمايدۇ.

مەن بۇ بىرقانچە يىللىق تەھرىرلىك خىزمىتى ئەمەلىيىتىدە، ئاخباراتچىلىق ئىنتىزامىغا خىلاپ يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرنى يولۇقتۇردۇم. مەسىلەن: بىر قېتىم مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمغا تاپشۇرۇلغان خەۋەرلەر ئىچىدە: «××× ناھىيىسىنىڭ ××× يېزا دېھقانلىرى دۆلەتكە 168 مىڭ 868 كىلوگرام ئاشلىق سېتىپ بەردى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە خەۋەر بولۇپ، بۇ خەۋەرنى ئىشلەپ تەييارلاپ تۇرۇشۇمغا، يەنە شۇ مۇخبىرنىڭ نامىدا يېزىلغان «××× يېزا ئاشلىق پونكىتى دېھقانلاردىن 851 كىلوگرام ئاشلىق سېتىۋالدى» سەرلەۋھىلىك يەنە بىرپارچە خەۋەرنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ھەر ئىككى پارچە خەۋەرگە: «تەكشۈرۈلدى، راستلىقى ئۈچۈن» دەپ تامغا بېسىلغان. ۋەھالەنكى، بىر جايدىن بىر مەزمۇندا يېزىلغان بۇ ئىككى پارچە خەۋەردىكى دېھقانلارنىڭ دۆلەتكە سېتىپ بەرگەن ئاشلىقىنىڭ سانى بىلەن ئاشلىق پونكىتىنىڭ دېھقانلاردىن سېتىۋالغان ئاشلىقىنىڭ سانى نېمە ئۈچۈن ئوخشىمايدۇ، دېگەن خىيال مېنىڭ كاللامنى خېلى ئۇزاققىچە چىرمىۋالدى؛ يەنە بىر قېتىم: «×× ××× ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكۇمىنىڭ ××× سىنىپىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى نامرات ئائىلىلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بەردى» سەرلەۋھىلىك ئىككى پارچە خەۋەر تاپشۇرۇۋالدىم. بۇ ئىككى پارچە خەۋەرنىڭ بىرىسىدە، بۇ سىنىپتىكى 16 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى سەككىز نامرات ئائىلىنىڭ كۈزگى بۇغداي تېرىلغۇسىغا ياردەملەشتى ھەم ئۇلارنىڭ ئوغۇت سېتىۋېلىشى ئۈچۈن

ئۆزئارا يېغىش قىلىپ 50 يۈەن ئىئانە قىلـ
دى، دەپ يېزىلغان بولسا، يەنە بىرسىدە،
بۇ سىنىپتىكى 12 نەپەر ئىتتىپاق ئەزاسى
ئون نامرات ئائىلىنىڭ كۆزگى بۇغداي تې-
رىلغۇسىغا ياردەملەشتى ھەم ئۇلارنىڭ ئوغۇت
سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزئارا يېغىش قىلىپ
30 يۈەن ئىئانە قىلدى، دەپ يېزىلغان. بىر
ئورۇندىن ئوخشاش مەزمۇندا يېزىلغان بۇ
ئىككى پارچە خەۋەردىكى سانلىق پاكىت
ئوخشاش ئەمەس، لېكىن «خەۋەرنىڭ پاكى-
تى راست، ئىشلىتىشكە قوشۇلىمەن» دەپ
يېزىلغان ئىمزا بىر كىشىنىڭ پۈچۈركىسى
ئىكەن. يۇقىرىدىكى ھەر ئىككى ماقالىدىكى
پاكىتلاردا پەرق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ما-
قالىلەرنى ئىشلىتىشكە بولمىدى.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى مىسالدىن
شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇخبىر، ئىخ-
تىيارىي مۇخبىرلار ھەم خەۋەر - ماقالىغا
ئىمزا قويغۇچى ياكى تامغا بېسىپ بەرگۈ-
چىلەر شۇ خەۋەر - ماقالىدە ئوتتۇرىغا قو-
يۇلغان ئاساسىي پاكىتنىڭ، جۈملىدىن سان-
لىق مەلۇمات-پاكىتنىڭ ئەينەن، راست بولۇشىغا
ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلىشى، ھەر-
گىز بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم، ئەگەر
ئۇنداق قىلمايدىكەن، يالغانچىلىق، مۇبالى-
غىچىلىك خاتالىقى سادىر بولىدۇ-دە،
بۇ ئالدى بىلەن ئاخبارات ئورۇنلى-
رىنىڭ ئىناۋىتىگە نۇقسان يەتكۈزى-
دۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇ خەۋەر - ماقا-
لىنى يازغۇچى، تەكشۈرۈپ ئىمزا قويغۇچى
ئورۇننىڭ ئىناۋىتىگىمۇ تەسىر يەتكۈزىدۇ،
ئاخىرقى ھېسابتا پارتىيىنىڭ ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئېسىل
ئەنئەنىسى، ئاخباراتنىڭ چىنلىق پرىنسى-
پىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، مەن مۇخبىر،
ئىختىيارىي مۇخبىرلارنىڭ ھەممە خەۋەر -
ماقالىلەرنى تەكشۈرۈپ ئىمزا قويغۇچى،
تامغا باسقۇچى يولداشلارنىڭ ھەقىقەتنى
ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا تولۇق
ئەمەل قىلىشىنى، خەۋەر-ماقالە يازغاندا، ئەمە-
لىيەتكە، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ،
چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەۋەر-ماقالى-
لاردىكى ئەڭ كىچىك پاكىتلارنىمۇ بىر قېتىم
سېلىشتۇرۇپ سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن
ئەۋەتىشىنى، ھەرگىز ئاۋارىچىلىقتىن قېچىپ،
خەۋەر - ماقالىنى قولىدىن چىقىرىۋېتىشكە
ئالدىرىماسلىقىنى، ئىمزا قويغۇچى ياكى
تامغا بېسىپ بەرگۈچى خادىملارنىڭمۇ بى-
پەرۋالىق قىلماي، شۇ خەۋەر - ماقالىدىكى
پاكىتلارنىڭ توغرا - توغرا ئەمەسلىكىنى
بىر قېتىم تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەتكە
ئۇيغۇن ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ياكى
ئۇنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن ئاندىن
ئىمزا قويۇپ بېرىشى ياكى تامغا بېسىپ
بېرىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## بورتالا ئاپتونوم ئوبلاستىدا تۇنجى قېتىم تايانچ ئىختىيارىي مۇخبىرلار تەربىيىلەندى

«شىنجاڭ گېزىتى»، «بورتالا گېزىتى»، بورتالا
رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسى بىرلىكتە بور-
تالا شەھىرىدە تايانچ ئىختىيارىي مۇخبىر-
لارنى تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ، دېھقانچى-
لىق - چارۋىچىلىق رايونلىرى، قىسىم ۋە
ئاساسىي قاتلامدىن كەلگەن يۈزدىن كۆپرەك
كىشىنى تەربىيىلىدى.

بۇ قېتىمقى تەربىيىلەش كۇرسىدا كۇرس-
نى باشقۇرغان ئۈچ ئورۇننىڭ تەھرىر،
مۇخبىرلىرى موڭغۇل، خەنزۇ، ئۇيغۇر،
قازاق تىلىدا كۇرسانتلارغا مۇخبىرلىق ئىل-
مى، خەۋەر، تەپسىلىي خەۋەر، تەكشۈرۈش
دوكلادى يېزىقچىلىقى توغرىسىدا دەرس
ئۆتتى، مۇخبىرلىق پراكتىكىسى ۋە ماقالە-
خەۋەرلەرنى باھالاش پائالىيىتى ئېلىپ
باردى.




6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى بىلەن شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى يولداش دىڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، 13 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى چاقىردى.



ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ نەشر قىلىنىپ تارقىتىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن سۆھبەت يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتلەرنى ۋاڭ ۋېيجۇن تارتقان.

## ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇشىڭىزنى قىزغىن قارشى ئالىمىز

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى» ژۇرنىلى شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلىكتە چىقىرىدىغان، «شىنجاڭ گېزىتى» ئاخبارات تەتقىقات بۆلۈمى تەھرىرلەيدىغان نەزەرىيە، كەسپىي خاراكتېرلىك ئومۇمىي ژۇرنال.

ژۇرنال پەسىللىك بولۇپ، ئوت باسمالىق 16 تاۋاق 64 بەتلىك بولۇپ چىقىدۇ. ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ 20 ـ كۈنى نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ 1 ـ سانى تارقىتىلدى، 2 ـ ساندىن باشلاپ (3 ـ پەسىل) مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ. ھەر بىر سان ژۇرنالنىڭ باھاسى 0.80 يۈەن. يىللىقى 3.20 يۈەن.

ھەر قايسى گېزىتخانا، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىدارىلىرى، ئاخباراتچىلار ۋە ئاخبارات ئىشلىرىغا قىزىقىدىغانلار شۇ جايدىكى پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈملىرى ياكى شەخسلەر ئۆزلىرى بىۋاسىتە كوللېكتىپ، شەخسىي مۇشتىرى بولسا بولىدۇ. مۇشتىرى بولغۇچىلار مۇشتىرى سانى، ئىسىم ـ فامىلىسى، ئادرېسى ۋە مۇشتىرى بولۇش ھەققىنى ئۈرۈمچى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە ئەۋەتسە بولىدۇ. ژۇرنالنى تەھرىر بۆلۈمى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىپ بېرىدۇ.

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ پوچتا نومۇرى: 830051

ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 43701 — 286

ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى



يايلاق مەنزىرىسى



نيە يېزا مەنزىرىسى


# شىنجاڭ ئاخباراتچىلىرى
# 新疆新闻界

پەسىللىك ژۇرنال، 1989 - يىل 2 - سان
9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى نەشىردىن چىقتى

باشقۇرغۇچى ئورۇن: شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئاخبارات ئىلمى جەمئىيىتى
نەشىر قىلغۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى. تېلېفون نومۇرى: 43701 — 286
باسقۇچى ئورۇن: «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما زاۋۇتى

ش ئۇ ئا ر گېزىت - ژۇرنال تىزىملاش نومىرى 763
باھاسى 0.80 يۈەن